# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تەزكىرە - تارىخقا دائىر ئەسەرلەر

«تاھىر - زۆھرە». نەزمىي داستان، 102 بەت، قولياზما. ئاپتورى: سەييادى (14 - ئەسىر). ئاپتورنىڭ تولۇق ئىسمى، تەرجىمىھالى ۋە داستاننىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس.

مەزمۇنى: تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ ئىشق - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان. بەدىئىي سەنئىتى يۇقىرى بولۇپ، خەلق بېيىت - قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىلغان. نەمۇنە:

«يىراقدىن كەلگەنىم سەن يار ئۈچۈندۇر،
جەفالەر تارتغانىم دىيدار ئۈچۈندۇر.
بۇ سۆز ئېرتەكدىن قالغان مەسەلدۇر،
قوب ئەمدى ياتماغىل ۋەقتى جەدەلدۇر.

*

مەسەلدۇر ئەرتەدىن قالغان بۇ ئەخبار:
كى ئۆلگەن ئارقادىنكىم ئۆلمە زىنھار.

*

كېلەر بولسە كېلەر شامۇ ئىراقدىن،
كېتەر بولسە كېتەر قاشۇق - تەبەقدىن.
بۇ سۆزلەر ئەرتەكدىن قالغان مەسەلدۇر،
ھەر ئىشنىڭ ئاۋۋالقى سەئىيى جەدەلدۇر.»

«دىۋان نەۋبەتى». ئاپتورى: ئۆمەر قارىي نەۋبەتى (تەخمىنەن 1690 — 1770 - يىللار). شېئىرلار توپلىمى. دىۋان ھىجرىيە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قوبدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



1160 - يىلى (مىلادىيە 1747 - يىلى) شائىر 57 ياشقا كىرگەندە تەسنىف قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ تولۇقسىز قولىيازمىسى 108 غەزەل، ئۈچ مۇخەممەس، 31 پارچە رۇبائىيدىن تەشكىل تاپقان. فورماتى 21×16cm، 88 بەت، چاغاتايچە قولىيازما.

مەزمۇنى: ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىشق - مۇھەببەت، مۇراجىئەت، رېئال دۇنيا گۈزەللىكى، ئىلىمنى ئۇلۇغلاش، پەند - نەسىھەت شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ ئىبارىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە يۇقىرى، تىل جەھەتتىن يەڭگىللىك ھەم پاساھەتلىككە ئىگە.

[قوشۇمچە] نەۋبەتى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتى، شېئىرلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ «نەۋبەتى غەزەللىرى». ئەرشىدىن تاتلىق نەشرگە تەييارلىغان، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1957 - يىللىق 1 - سانى.

♣ «نەۋبەتى شېئىرلىرىدىن». «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 4 - سانى.

♣ نەۋبەتى: «دىۋان نەۋبەتى». قۇربان بارات، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 3 - سانى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «شائىر نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا». «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 - يىللىق 1 - سانى.

♣ ئابدۇقەييۇم خوجا: «نەۋبەتى». «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 12 - سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «نەۋبەتى ۋە ‹دىۋان نەۋبەتى›». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

♣ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ

ئىجادىي پائالىيىتى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ نەۋبەتى: «دىۋان نەۋبەتى» . خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1988 - يىل 1000 تىراژدا بېسىلغان كىتاب. بۇ توپلام شائىر نەۋبەتىنىڭ 1747 - يىلى ئۆز قەلىمى ئارقىلىق توپلەنگەن قولىيازما دىۋانىغا ئاساسەن تەييارلانغان، ئۇنىڭدا 108 پارچە غەزەل، ئۈچ پارچە مۇخەممەس، 30 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي بار.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «نەۋبەتى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەققىدە» . «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «نەۋبەتى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 - يىل باسمىسى.

♣ م. ئابدۇراخمان، ئا. مەتسىدىق تەييارلىغان: «نەۋبەتى غەزەللىرى» . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 4 - سانى.

♣ مۇھەممەتتوختى ئەھمەد: «نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت يولى» . «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانى.

♣ تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت: «نەۋبەتى» . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «شائىر نەۋبەتى ئىجادىيىتى» . «گۆھەر زېمىن ـــ خوتەن» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالە، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1995 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كىرگۈزۈلگەن، 1996 - يىل باسمىسى.

♣ شەرىپىدىن ئۆمەر: «نەۋبەتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان». «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 11 - ئاي نەشرى.

♣ ئىمىنجان ئەخمىدى: «نەۋبەتى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «شائىر نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا». «ئىجادىيەت — تىل سەنئىتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

♣ «نەۋبەتى»، «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك — ئەدەبىيات» (2 - قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «نەۋبەتى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

♣ گۈلجامال مەمتىمىن: «نەۋبەتىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

♣ گۈلجامال مەمتىمىن: «‹دىۋان نەۋبىتى› ھەققىدە». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

♣ مېھرىنۇر ئەلىشىر: «نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە». «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2003 - يىللىق 3 - سانى.

♣ ئابلىكىم ئابدۇلئەھەت: «نەۋبەتى ئىجادىيىتى ھەققىدە». «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 2 - سانى.

♣ «نەۋبەتى» — ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ 5 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

♣ ئەنۋەر تاشتۆمۈر: «قەلب ئەركىسى». نەۋبەتى ھاياتىغا بېغىشلانغان پەلسەپىۋى رومان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

«مەنتىقۇت تەير» (قۇشلار تىلى). ئاپتورى: ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى. ژانىرى: داستان. 157 بۆلۈم، 4670 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

ئاپتور مەشھۇر شائىر شەيخ پەرىددىن مۇھەممەت ئەتتار ۋە بۈيۈك ئۇستاز ئەلشىر ناۋائىنىڭ شۇ ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ئاشۇ نام بىلەن يېزىپ چىققان بۇ كاتتا ئەسىرىدە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جانلاندۇرۇش ۋاسىتىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، سىمۋوللۇق خاراكتېردىكى بىر قانچە قۇشنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى سىمۋولىستىك ئوبرازلار تەسۋىرى ۋە ئۆزگە خاس بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئىخچام، جانلىق بايان قىلىپ، تەمەخورلۇق، ئاچ كۆزلۈكنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە زورلۇقنى، زالىملىقنى ئۆزگە كەسىپ قىلىۋالغان ھاكىم - بەگلەر، ۋاپاسىز ئالدامچىلارغا غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، ئادىل شاھ، ئەمەلدارلارنى، ئادىللىقنى، ۋاپادارلىقنى مەدھىيىلەيدۇ.

«دىۋان بىلالى». ئاپتورى: ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى. ئېپىك نەزمىي ئەسەرلەر توپلىمى. پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەسنەۋى شەكلىدە تۈزۈلگەن.

دىۋان ئومۇمەن مەسەل، ئىبرەتلىك ھېكايەت ۋە پوئېتىك شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر سىمۋولىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ھەر خىل ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى قىلىقلاندۇرۇپ، ئادەملەرگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن سۈپەتلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ رېئال جەمئىيەتكە قارىتا ئاساسىي كۆزقارىشى ۋە تەشەببۇسىنى ئىپادىلىگەن؛ جەمئىيەتتىكى ھەر تەبىقە ۋە ھەر خىل

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


گورۇھقا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؛ ماختانچاقلىق، تەمەخورلۇق، مەنمەنچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلمىشلىرىنى قاتتىق قامچىلاپ، ئاتا - ئانىلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، بىلىملىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش، دوستلۇقنى قەدىرلەش، خەلقتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، سۆز سەنئىتىگە دىققەت قىلىش، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈش، بەتخەجلىكتىن، ھەشەمەتچىلىكتىن ساقلىنىش، غەيۋەت - شىكايەت قىلماسلىق، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش قاتارلىق ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى تەكىتلىگەن.

[قوشۇمچە] ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىنىڭ ئىجادىي ھاياتى، ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەھۋالى:

♣ ئابدۇرېھىم سابىت: «شائىر موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - كىتاب، 1 - قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1983 - يىل باسمىسى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

♣ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ «ئىبنى يۇسۇپ خوتەن شېئىرلىرى» (ئابلىمىت ئەھەت نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانى.

♣ ئابلىمىت ئەھەت: «ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ‹مەنتىقۇت تەير› توغرىسىدا». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «موللا بىلال نىبىنى يۇسۇپ خوتەنى» . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

«تارىخىي رەشىدى». تەرجىمە ئاپتورى: موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر (18 - ئەسىر). تارىخ ئىلمى. ئاتاقلىق تارىخچى ئالىم مىرزاھەيدەر كوراگان ئىبنى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان (1500 ــ 1551) نىڭ پارس تىل - يېزىقىدىكى بۇ ئەسىرى خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

مەزمۇنى: زور ھەجىملىك بۇ ئەسەردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ توغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن تاكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى 200 يىللىق تارىخ يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ باش تەرىپىگە تەرجىماننىڭ كىرىش سۆزى بېرىلىپ، بۇ ئەسەرنى كىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نېمە سەۋەبتىن تەرجىمە قىلغانلىقى ئىزاھلانغان.

«مەجمۇئى مۇئەللەپ». ئاپتورى: موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇلغەفۇر. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى: ھىجرىيە 1267 - يىلى (مىلادىيە 1847 ــ 1848 - يىل)، 15×25 كەسلەم، 295 بەت. پارسچە، قولىيازما.

مەزمۇنى: مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

«قىسسەسۇل غەرايىب». ئاپتورى: موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر. نەسرىي قىسسە. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

مەزمۇنى: تۈرلۈك ئىجتىمائىي تېمىلار رىۋايەت تۈسىدە ئىپادىلەنگەن.

«تائاملار يىغىلىشى». ئاپتورى: موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر. مۇنازىرە ژانىرىدىكى نەزمىي ئەسەر. ئەسەرنىڭ يېزىلغان

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

مەزمۇنى: ھەر خىل تائاملارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىستېمالى ھەزىل تەرىزدە بايان قىلىنغان.

«مېۋىلەرنىڭ «مەن» لىك تالىشىشى». ئاپتورى: موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر. مۇنازىرە ژانىرىدىكى نەزمىي ئەسەر. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

مەزمۇنى: نەرسىلەرنى «ئادەملەشتۈرۈش» ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، مېۋىلەرنىڭ ئۆزئارا «مەن» لىك تالىشىپ مۇنازىرىلەشكەنلىكى ۋە كېيىن بىرلىككە كېلىپ ئۇيۇشقانلىقىدەك ۋەقەنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى كۆرەلمەسلىك، مەنمەنچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئىناقسىزلىق ئىللەتلىرى مەجازى يول بىلەن قامچىلىنىپ، كەڭ قورساقلىق، ئوچۇق كۆڭۈللۈك، بىرلىك ـ ئىناقلىق خاھىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

«تەرجىمەئى دۇرۇد دۇستاغاس». ئاپتورى: موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر. نەسرىي ئەسەر. 11×18 كەسلەم، 112 بەتلىك چاغاتايچە قولىيازما دىۋان. بۇنىڭدا دۇئا ـ تىلاۋەتلەر بايان قىلىنغان.

«دىۋان نىيازى». ئاپتورى: موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر. شېئىرلار توپلىمى. مەزكۇر دىۋاننىڭ ئىككى خىل ۋارىيانتى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. دىۋاننىڭ تەسنىف قىلىنغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بىر دىۋاننىڭ فورماتى: 9cm×27، 46 بەت. چاغاتايچە، قولىيازما.

مەزمۇنى: ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي تېمىلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تىل ئىشلىتىش ۋە ئىپادىلەش جەھەتتە ئۇستۇنلۇككە ئىگە. غەزەللىرىدىن نەمۇنە:

كۆكدەگەر ئەنجۇم دېمە، كۆرسەڭ ئەگەر ھەر سارى ئوت،
ئاھىم ئۇچقۇنى بىلە بولغاي فەلەك رۇخسارى ئوت.
تەن غۇبارىم دۇددىن ھەر بارە ئۆرتەب بۇ كۆڭۈل،
بەرقەدىكىم يارۇتۇر بۇ ھەجر ئىلە ھەر بارى ئوت.

كۆز ياشىمنى كوھدەك غەلتان قىلۇرغە ئۇ نابان،
شوخ بىپەرۋا مېنىڭ جانىمغە سالماق كارى ئوت.
ئىشق ئارا دەۋزەخدىن، ئەي زاھىد، مەنى قورقۇتما كىم،
ئانچە باردۇركىم بۇ ئوت ئول ئوتچە مىڭ مىقدارى ئوت،
مەست ئاشىقلارغە، زاھىد، تۇرما ئۇترۇ كۆيگەسەن،
بولماسۇن گەر ئىشقىدىن بۇ جامەئى دەستارى ئوت.
سەۋرى نازىم ناز ئىلە تۇرسا نېدىن ئۆرتەنمەيىن،
مىڭ بالا جانىمغە ئەيلەر لەئلىگۇن رۇخسارى ئوت.
ئەي نىيازى، ئول گۇلى رەئناغە ئوتدىن تىل بىلە،
بولغا سەن فەرياد ئىلە بۇلبۇل كەبى مىنقارى ئوت.

[قوشۇمچە] موللا مۇھەممەد نىياز ئابدۇلغەفۇر ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەردىن ئۇچۇر:

♣ مـوللا مۇھەممەد نىياز ئابدۇلغەفۇر: «داستانى مەنسۇر». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانى.

♣ مـەمـتـىـمىن خۇدابەردى: «موللا مۇھەممەد نىيازى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانى.

♣ ئابدۇرېھىم سابىت: «موللا مۇھەممەد نىيازى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - كىتاب، 2 - قىسىم) ناملىق كـىـتـابـقـا كىرگۈزۈلگەن، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1984 - يىلى باستۇرغان.

♣ سابىت روزى: «‹قىسسەسۇل غەرايىب› ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق سانى.

♣ مـۇھـەمـمـەتـنىياز بىننى ئابدۇغوپۇر: «‹قىسسەسۇل — غەرايـىـب›، تـېـمـن». پەرىدە ئىمىن نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 2 - سانى.

♣ غـەيـرەتـجـان ئـوسـمـان: «مۇھەممەد نىيازى». «ئۇيغۇر كـلاسـسـىـك ئەدەبـىـيـاتـىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 - يىل باسمىسى.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



♣ مۇللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇلغەفۇر: «غەزەللەر». ئەخمەت ھىمىت نەشرگە تەييارلىغان: «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانى.

♣ ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق: «مۇللا مۇھەممەد نىيازى ۋە ‹تارىخى رەشىدى›، نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 1 - سانى.

مۇللا نىياز خوتەنى: «غەزەللەر». ئەسقەر ھۈسەيىن نەشرگە تەييارلىغان «باياز» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «نىيازى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1996 - يىل باسمىسى.

♣ ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى: «مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇغوپۇر ۋە ئۇنىڭ شانلىق ئەسىرى ‹قىسسەسۇل غەرايىب› توغرىسىدا». «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «مۇللا مۇھەممەد نىياز». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 - يىل باسمىسى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «مۇللا مۇھەممەد نىيازى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ شەرىپىدىن ئۆمەر: «مۇللا مۇھەممەد نىيازنىڭ ھاياتى توغرىسىدا». «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ شەرىپىدىن ئۆمەر: «‹مەنسۇرى› داستانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى توغرىسىدا». «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا ساۋۇت: «كلاسسىك شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان

موللا مۇھەممەت نىيازى» ، «ئاقتۇ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - توپلىمى، 2001 - يىل باسمىسى.

«مەخدۇم ئەزەم». ئاپتورى: مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى، كىتاب تۈرى: تارىخ. بۇ ئەسەردە 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي - سىياسىي ئەھۋاللار، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن شۇنداقلا «ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق» خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«مەخدۇم ئەزەم» ناملىق بۇ كىتاب ئۇيغۇر تارىخىنىڭ 17 -، 18 - ئەسىردىكى كۆرۈنۈشلەرنى يورۇتۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى، پەلسەپە ئاساسلىرىنى چۈشىنىشىمىزدە كەڭ ۋە ئىشەنچلىك مەنبە سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام». ئاپتورى: مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» («ھۆكۈملەر يىغىندىسى») دېگەن بۇ كىتاب 14 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، توققۇز پلانېتا، يەرنىڭ شەكلى، يۇلتۇزلار ھەرىكىتى، كالېندار تۈزۈش توغرىسىدا، گېئومېتىرىيە، ئالگېبرا، جۇغراپىيە ۋە تارىخنى دەۋرلەرگە بۆلۈش توغرىسىدا، شۇنىڭدەك ئىنسان ئورگانىزمىدىكى پسىخىك ھالەتلەر توغرىسىدا ھازىرقى زامان ئىلمىي قائىدىلىرىگە خېلىلا ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا كۆزقاراشلار يېزىلغان. كىتابنىڭ ئاخىرىدا مۇئەللىپ ئۆزىدىن بۇرۇن ياشىغان ۋە ئۆزى بىلەن زامانداش بولغان بەزى ئالىملارنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن. 10 ×18 كەسلەم، 219 بەت. چاغاتايچە، قوليازما.

بۇ كىتابتىن مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىنىڭ تەبىئەتنى بىلىش جەھەتتە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتكەنلىكىنى، ئىلىم - پەن تارىخىدىن خېلى ياخشى خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئەسەرلىرىنى پىششىق تەتقىق قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ 18 - ئەسىرنىڭ ئىنسىكلوپېدىيىلىك ئالىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



[قوشۇمچە] مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ بارات ئىمىن نەشرگە تەييارلىغان: «مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى شېئىرلىرىدىن»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانى.

♣ قادىر ئەكبەر: «مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى ۋە ‹مەجمۇئەتۇل ئەھكام›». «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 13 - ئاپرېل سانى.

♣ «مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - نەشرى.

«نورۇزنامە». ئاپتورى: مەۋلانە سەدىردىن قاراقاشى. كىتاب تۈرى: تەبىئىي پەن، ژانىرى: ئاسترونومىيە، ھەجمى: 125 بەت. بۇ قولىيازما كىتابتا كۈن، ئاي، پەسىل، يەر تەۋرەش قاتارلىقلاردىن ئومۇمىي ساۋات بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، پالچىلىققا دائىر بىر قىسىم چۈشەنچىلەرمۇ سۆزلەنگەن.

«سالامنامە». ئاپتورى: ئەھمەدشاھ قاراقاشى. ئەسەر تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: شېئىر. 23 كۇپلېتلىق بۇ ساتىرىك شېئىر توغرىسىدا مۇنداق پاراڭلار ساقلىنىپ كەلمەكتە: ئەھمەدشاھ قەشقەر مەدرىسىدە ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەردە بىللە ئوقۇغان ئاقسۇلۇق ساۋاقدىشى نەزەر مۇپتىغا ياخشى بىر ئات ئەۋەتىشنى ھاۋالە قىلىپ پۇل ئەۋەتىدۇ. نەزەر مۇپتى ئەھمەدشاھقا ئەۋەتكەن ئات شېئىردا بايان قىلىنغاندەك ئەيىب - نۇقسانلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، شائىر غەزەپلىنىپ «سالامنامە» («ئات ھەققىدە قىسسە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى يېزىپ نەزەر مۇپتىغا ئەۋەتىدۇ. نەزەر مۇپتى كاتتا بىر بەزمە ئۈستىدە بۇ شېئىرنى سالامنى تاپشۇرۇۋېلىپ خۇشاللىنىپ كېتىدۇ. ئۇ يۇقىرى ئىناۋەت تېپىش تەمەسىدە بىر تالىپقا يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشنى بۇيرۇيدۇ. تالىپ شېئىرنى دېكلاماتسىيە تەلەپپۇزىدا ئوقۇپ يېرىملاشقاندا نەزەر مۇپتىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كېتىپ، تالىپنى ئوقۇشتىن توختىتىش ئۈچۈن

تالىپىنىڭ پىشىنى بىرنەچچە قېتىم تارتىپ قويىدۇ. لېكىن، تالىپ بىلمىگەن بولۇۋېلىپ شېئىرنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ تۈگىتىدۇ. سورۇندا مەسخىرە كۈلكىسى ئەۋجىگە چىقىدۇ. نەزەر مۇپتى گېلىدىن غىزا ئۆتمەي بىرنەچچە كۈنگىچە چوڭقۇر روھىي ئازاب چېكىدۇ. ئۇ ئەھمەدشاھنى مەسخىرە قىلىپ «ياپىلاق» ناملىق شېئىرنى يېزىپ ئەۋەتىدۇ. شائىرنىڭ تالىپلىرى كۆچۈرۈپ چىققان قولىيازما توپلامدا نەزەر مۇپتىنىڭ «ياپىلاق» دېگەن ھەجۋىي شېئىرىمۇ بار ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ توپلام قولدىن - قولغا ئۆتۈش داۋامىدا يوقىلىپ كەتتى. شائىرنىڭ نەسەب ۋارىسلىرىدىن ئابدۇقادىر ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، شائىرنىڭ تالىپلىرى كۆچۈرگەن توپلامدا 30 چە غەزەل، مۇخەممەسلەر بار بولۇپ، ئاخىرقى بېتىدە نەزەر مۇپتىنىڭ «ياپىلاق» ناملىق شېئىرىمۇ بار ئىدى.

كۆپلىگەن ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شائىرنىڭ «پۇل»، «شاھ پولۇ»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «دوڭغاق»، «ھەزرەت» قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ ئەسەرلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدىشىمىز توختىغىنى يوق. «سالامنامە» ناملىق بۇ شېئىر شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي پاساھىتىگە گۇۋاھلىق قىلالايدۇ.

[قوشۇمچە] ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ ئەھمەدشاھ قاراقاشى: «ئات قىسسىسى». روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان، مامۇت زايىتلار نەشرگە تەييارلىغان، «كۈئېنلۇن ئەدەبىياتى» («يېڭى قاشتېشى») ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 1 - (تۇنجى) سانى.

♣ ئەھمەدشاھ قاراقاشى: «سالامنامە». تۇردى سامساق نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانى.

♣ ئا. قادىر، ر. سايىت نەشرگە تەييارلىغان: «ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ يېڭى تېپىلغان ئەسىرى ‹مېۋىلەر مۇنازىرىسى›». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 3 - سانى.

♣ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئەھمەدشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



پائالىيىتى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - كىتاب، 2 - قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1984 - يىلى باستۇرغان.

♣ «ئەھمەددشاھ قاراقاشى» . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «شائىر ئەھمەددشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ‹يامان ئات توغرىسىدا› ناملىق ھەجۋىي مۇخەممىسى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «ئەھمەددشاھ قاراقاشى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

♣ ئەھمەددشاھ قاراقاشى: «مېۋىلەر - ۋەسفى» . غوجەخمەت يۇنۇس نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانى.

♣ «شائىر ئەھمەددشاھ قاراقاشى» . «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانى.

♣ مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق: «مەشھۇر شائىر ئەھمەددشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى» . «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1995 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى سانى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئەھمەددشاھ قاراقاشى» . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق: «مەشھۇر ساتىرىك شائىر ئەھمەد شاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى» . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 5 - سانى.

♣ ھەبىبۇللا ئابدۇسالام: «ھەجۋىي ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىسى —

‹سالامىنامە›». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانى.

♣ ئابدۇغېنى سەيدىن: «ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ‹شاھ پولۇ›، ‹مېۋىلەر مۇنازىرىسى› ناملىق ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 3 - سانى.

♣ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا». «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ ھەبىبۇللا ئابدۇسالام: «ئەھمەدشاھ قاراقاشى، موللا نىيازى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلىرى توغرىسىدا». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 3 - سانى.

♣ مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق: «ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ‹پۇل› ناملىق ھەجۋىي ئەسىرى». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 4 - سانى.

♣ ئەھمەدشاھ قاراقاشى: «سالامىنامە». مۇھەممەتتوختى ئەخمەد نەشرگە تەييارلىغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 6 - سانى.

♣ شېرىپجان قاسىم: «ئەھمەدشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا». «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1999 - يىللىق 4 - سانى.

♣ نۇرمۇھەممەد توختى: «ئات تۇلپارغا ئايلانسۇن». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 6 - سانى.

♣ مۇھەممەتتوختى ئەخمەد: «ئەھمەدشاھ قاراقاشى ۋە ھەجۋىيات». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 6 - سانى.

♣ ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ‹مېۋىلەر مۇنازىرىسى› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا». «يېڭى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، تېپىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 1 - سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «ئەھمەددشاھ قاراقاشى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

♣ ئەنۋەر ھوشۇر: «ئەھمەددشاھ قاراقاشى ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» . «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2001 - يىللىق 3 - سانى.

♣ مەتروزى مەھمۇد: «ئەھمەددشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ‹ ئات ھەققىدە قىسسە › ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا» . «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2002 - يىللىق 1 - سانى.

♣ مەتروزى مەھمۇد: «ئەھمەددشاھ قاراقاشىنىڭ ھايات پائالىيىتى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2) ، ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

♣ مۇھەممەد كامال خۇشخۇي: «ئەھمەددشاھ قاراقاشى بىلەن نەزەر مۇفتىنىڭ دوستلۇقى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» . «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 1 - سانى.

♣ ئابدۇراخمان سەئىد: «ئەھمەددشاھ قاراقاشىنىڭ ‹ نەزەر مۇفتىغا خەت › ناملىق ھەجۋىياتى توغرىسىدا» ، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2003 - يىللىق 4 - سانى.

♣ مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق: «ئەھمەددشاھ قاراقاشىنىڭ ‹ شاھ پولۇ › ناملىق ئەسىرى» . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 2 - سانى.

«دىۋانى مەھزۇن» . ئاپتورى: ئىسمائىل مەھزۇن. شېئىرلار توپلىمى. دىۋاننىڭ تەسنىف قىلىنغان يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس. تولۇقسىز بۇ دىۋان ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، مەسنەۋى ژانىرلىرىدا تۈزۈلگەن.

مەزمۇنى: ۋەتەنپەرۋەرلىك، كىشىلىك ئەخلاق، مۇھەببەت ساداقەتمەنلىكى، رىيائىلىقتىن بەھرىلىنىش، ئىنسانىي ھاياتنى قەدىرلەشكە ئوخشاش تېمىلار يورۇتۇلغان. دىۋانغا يەنە 30 خىلدىن

ئارتۇق قوغۇن تۇرىنىڭ ئۆزئارا «مۇنازىرە» سى بايان قىلىنغان مۇنازىرە ژانــــىرىــدىكى «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا نەرسىلەر «ئادەم» لەشتۈرۈلۈش ئۇسۇلى بويىچە گەينى جــەمئىيەتكە دارىتمىلىنىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى نامۇۋاپىق ھادىسىلەر ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

غەزەللىرىدىن ئۈلگە:

«يۈزۈڭدىن بەرق يەتكىلىغ تۈشتى بىر ئوت خەستە جانىمغە،
ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن ئۆرتەب تۇتاشتى خانۇ مانىمغە.
قاتار كىرفىكلەرىڭدىن بىدىل ئولسام ئەيىب ئەمەس، ئەي شوخ،
كېلۇر يۈزنىشى ئافەت ھەر زەمان بىر قەترە قانىمغە.
فەلەك لەرزان، مەلەك ھەيرانكى بىررەھىم ئەتمەدىڭ، ئەي جان،
ۋىسالىڭ يادى بىرلە ئەيلەگەن ئاھۇ فىغانىمغە.
يولۇڭدا ئۆلگەنىمدىن تازە جان تاپتىم، سەمەندىڭنىڭ،
ئەياغىدىن غۇبارى تۈشتى جىسمى ناتەۋانىمغە.
نىھان خالىڭنى قىلغان تىيرەختتىڭ، بۇ ئېرۇر بائىس،
قارارغان ئەختەرى بەختىم بىلەداغى نىھانىمغە.
يامان دەپ، زاھىدا، يول بەرمەدىڭ، مەيخانەگە كەلدىم،
نەخۇشتۇر، دەير پىرى باقمادى ياخشى - يامانىمغە.
كېسىلسۇن ھەجىر تىغى بىرلەش باشىم، گەرمەنى مەھزۇن،
كى سەندىن ئۆزگەنىڭ زىكرىنى كەلتۇرسەم زەبانىمغە.»

[قــوشــۇمچە] ئىسمايىل مەھزۇن (مەھزۇن خوتەنى دەپمۇ ئــاتــىلــدۇ) ئەسەرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىشى ۋە ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ ئىـــســمــايىل مەھزۇن: «دىۋانى مەھزۇن». ئابدۇرېشىت ئىسلامى نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانى. 1982 - يىللىق 1-، 2 - سانى.

♣ ئابدۇرېھىم سابىت: «مەھزۇن خوتەنى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئــەدەبــىياتى تارىخى» (2 - كىتاب، 2 - قىسىم) ناملىق كىتابقا كــىرگۈزۈلگەن. قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1984 - يىلى باستۇرغان.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئويغۇرچە ماقالە، ئەدىبىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى



♣ غەيرەتجان ئوسمان: «مەھزۇن ۋە ‹دىۋانى مەھزۇن›». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

♣ ئا. ئىسلام نەشرگە تەييارلىغان: «مەھزۇن خوتەنى غەزەللىرىدىن». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 4 - سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «مەھزۇن ۋە ‹دىۋانى مەھزۇن› ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 2 - سانى.

♣ «‹دىۋان مەھزۇن› دىن پارچىلار»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانى.

♣ مۇھەممەد ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان: «مەھزۇن شېئىرلىرىدىن». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 2 - سانى.

♣ تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت: «مەھزۇن خوتەنى». «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (3)، ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ تۇرسۇن ھوشۇر نەشرگە تەييارلىغان: «‹دىۋانى مەھزۇن› دىن». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 1 - سانى.

♣ شەرىپىدىن ئۆمەر: «شائىر مەھزۇن». «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 11 - ئاي نەشرى.

ئىمىنتجان ئەھمىدى: «مەھزۇن». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «مەھزۇن». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1996 - يىل باسمىسى.

♣ ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەھزۇن خوتەنى ۋە ئۇنىڭ ‹قوغۇنلار مۇنازىرىسى› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا». «يېڭى

قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 5 ـ سانى.

♣ گۈلجامال مەمتىمىن: «شائىر مەھزۇننىڭ ھايات پائالىيەتلىرى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2)، ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى.

♣ م. ئەھمەت، ر. ئۆمەر: «مەھزۇن ۋە ئۇنىڭ ‹قوغۇنلار مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە». «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2003 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «ئىجادىيەت ئاسمىنىدا چاقناپ ئۆتكەن چولپانلار» ـــ ‹ئىسمايىل مەھزۇن›. «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار ـــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت» 170 ـ، 171 ـ بەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

«دىۋانى قەلەندەر». ئاپتورى: قەلەندەر، ژانىرى: شېئىر. بۇ تولۇقسىز ئىككى دىۋان بولۇپ، جەمئىي 209 پارچە غەزەل، 25 مۇخەممەس، تۆت بۆلۈملۈك مەسنەۋى («خوتەننامە») قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرلەر شائىر قەلەندەرنىڭ خوتەندە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن سەمەرىلىك ئەمگەكلىرىدۇر. بۇ دىۋاننىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى مىلادىيە 1790 ـ يىللار ئەتراپىدا.

ئىككى دىۋاندىكى شېئىرلاردىن قارىغاندا، قەلەندەر ئىجادىيىتىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن مۇھەببەت لىرىكىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋاپا ـساداقەت، ياخشىلىق، زامان ستەملىرىدىن شىكايەت، ئارزۇ ـ ئۈمىد قاتارلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار گىرەلەشتۈرۈلگەن ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ شېئىرىي تىلى نەپىس ۋە جۇلالىق بولۇپ، مەجازى ۋاستىلەرنى ئۆزىدە تولۇق ۋە ھەيران قالغۇدەك مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قەلەندەر ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى نادىر دۇردانىلاردۇر.

[قوشۇمچە] قەلەندەر ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ تېيىپجان ئېلىيېف نەشرگە تەييارلىغان: «‹قەلەندەر

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



غەزەللىرى، دىن». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانى.
♣ ئابدۇرېھىم سابىت: «لىرىك شائىر قەلەندەر». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - كىتاب، 2 - قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1984 - يىلى باستۇرغان.
♣ ئابدۇقېيۇم خوجا: «قەلەندەر». «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 12 - سانى.
♣ غەيرەتجان ئوسمان: «قەلەندەر». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىل 12 - ئاي نەشرى.
♣ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «لىرىك شائىر قەلەندەر». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 4 - ئاي نەشرى.
♣ مەتقاسىم ئەكرەم، مەھەممەتئىمىن تۇردى نەشرگە تەييارلىغان: «شائىر قەلەندەرنىڭ يېڭى تېپىلغان غەزەللىرى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانى.
♣ قەلەندەر: «دىۋانى قەلەندەر». ئىسرايىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانى.
♣ مەتقاسىم ئابدۇراخمان، توختىنىياز قۇربان نەشرگە تەييارلىغان: «قەلەندەر شېئىرلىرىدىن». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 1 - سانى.
♣ مەتقاسىم ئابدۇراخمان، توختىنىياز قۇربانلار نەشرگە تەييارلىغان: «قەلەندەرنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 4 - سانى.
♣ غەيرەتجان ئوسمان: «قەلەندەر». «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (3) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.
♣ ئابدۇرېھىم سابىت: «قەلەندەر». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1996 - يىل باسمىسى.

♣ ئـــمـــنجان ئەھمىدى: «قەلەندەر». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تـارىـخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ شـەرىـپـىـدىن ئۆمەر: «لىرىك شائىر قەلەندەرنىڭ ھاياتى تـوغرىسىدا». «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نـەشـرىـياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ شـەرىـپىدىن ئۆمەر: «قەلەندەرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ۋە ئـۇنـىـڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى توغرىسىدا». «19 - ئـەسـىـردىـكـى ئـۇيـغـۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسـىـتېـتى نەشـرىـياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ شـەرىـپـىـدىن ئۆمەر: «قەلەندەرنىڭ ‹خوتەن قەسىدىسى› ناملىق داستانى توغرىسىدا». «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ شەرىپىدىن ئۆمەر: «شائىر قەلەندەر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئـالاھـىـدىلىكى توغرىسىدا». «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ غـەيـرەتـجـان ئـوسمان: «قەلەندەر». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئـەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

♣ مـەتـروزى مـەھـمۇد: «قەلەندەرنىڭ ھايات پائالىيىتى». «ئـۇيـغـۇر كـلاسـسـك ئەدەبىياتى تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

♣ مەتروزى مەھمۇد: «‹دىۋانى قەلەندەر› توغرىسىدا». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



♣ مىرسۇلتان ئوسمانوف: «‹دىۋانى قەلەندەر› گە تولۇقلىما». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 2 - سانى.
♣ قەلەندەر: «خوتەننامە». ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنياد بىرلا خوتەن بار — ھېكايەتلەر» تومىغا كىرگۈزۈلگەن (41 - ، 52 - بەتلەر)، «ئەدەبىيات - سەنئەت» قىسمىدىكى تەرجىمىھال ۋە ئىجادىيەت ئەھۋالى بايانلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«سالىھ قاراقاشى شېئىرلىرى». ئاپتورى: موللا مۇھەممەد سوپى ئىبنى موللا سالىھ قاراقاشى. 1855 - يىلى موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ ئىسىملىك خەتتاتلار تەرپىدىن كۆچۈرۈلگەن قوليازما.

بۇ قوليازما توپلامغا موللا ھەيدەر، موللا نىياز، موللا سالىھ قاتارلىق ئۈچ شائىرنىڭ ئىپىك داستانلىرى ۋە بىر قىسىم لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا موللا سالىھنىڭ غەزەل، مەسنەۋى، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇستەھزاد ۋە باشقا شېئىرلىرى 3500 مىسراغا يېتىدۇ.

توپلامدىكى موللا سالىھ شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، ئۆز يۇرتىدا، ئائىلىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەرنى شېئىرلىرىدا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە باھاسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشتا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى رېئالىستىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان. غەزەللىرىدىن نەمۇنە:

«دىلرەبا، ۋەسلىڭنى ئىزدەب بىنەۋا بولدۇم نېتەي،
بۇ كۆڭۈل ئاخىر فىراقىڭدە گەدا بولدۇم نېتەي.
ئاھكىم، ھىجران ئوتى ئاخىر مەنى قىلدى كەباب،
ھەجرۇ فۇرقەتدە كۆيوب ئەمدى ئەدا بولدۇم نېتەي.
گۈلدىن ئايرىلغان كەبى بۇلبۇل مەسەللىك ئۈن چېكىب،
ۋادەرىغ، مەن يار ۋەسلىدىن جۇدا بولدۇم نېتەي.
مەن فەقىر دىلخەستەگە رەھىم ئەيلە ئەي شەھى جەھان،
كۆرگەلى ۋەسلىڭغە زارۇ بىقەرار بولدۇم نېتەي.

هەر كۈنى مەندىن ۋەفا، ئاندىن جەفا ئۆزرەجەفا،
مەن فەقىر ئول بىۋافاغە مۇبتەلا بولدۇم نېتەي.
ئول فەرى رۇخسارىغە بولسۇن ئەگەر يۈزجان فىدا،
جانىمغە بىردۇر ئەگەر، يۈز جان فىدا بولدۇم نېتەي.
سالىھى گۈلچېھرەنىڭ كويىدە بولمىش بىنەۋا،
دەردۇ ھىجرانغە گىرىفتارى بەلا بولدۇم نېتەي.»

«نـەسـھـەت». ئاپتورى: موللامۇھەممەد سوپى ئىبنى موللا سالىھ قاراقاشى. دىداكتىك ئەسەر، چاغاتاي يېزىقىدىكى قولىيازما، 185 بەت. ئەسەر ھىجرىيە 1233 - يىلى (مـىـلادىـيـە 1812 — 1813 - يىللىرى) يېزىلغان.

مەزمۇنى: ئەدەپ - ئەخلاق مەسىلىلىرى سۆزلەنگەن.

[قوشۇمچە] موللا سالىھ قاراقاشى شېئىرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قـىـلـىـنـىـشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ موللا سالىھ: «سالىھ شېئىرلىرىدىن». قادىر بۇلاق نەشرگە تـەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل ئومۇمىي 21 - سانى.

♣ مـەھـەمـمـەتـتـۇردى مىرزئەخمەت: «شائىر موللا سالىھ توغرىسىدا». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل ئومۇمىي 21 - سانى.

♣ غـەيـرەتـجـان ئـوسـمان: «سالـىھ». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كـىـتـابقا كـىـرگـۈزۈلـگـەن، 1992 - يىل باسمىسى.

♣ سالىھ: «غەزەللەر». ئەخمەت ھېمىت نەشرگە تەييارلىغان «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

♣ موللا سالىھ: «مۇخەممەسلەر». ئەخمەت ھېمىت نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 4 - سانى.

♣ غـەيـرەتـجـان ئـوسـمان: «سالـىھ». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئـەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1996 - يىل باسمىسى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قوللانمىسى ۋە پۇلىلازىملار ئامبىرى



♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «موللا سالىھ». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

[قوشۇمچە] غەيرەتى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا ئىلان قىلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى:

♣ غەيرەتى: «مۇخەممەس». ئابدۇقەييۇم خوجا نەشرگە تەييارلىغان «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

♣ «شائىر غەيرەتى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 2 - سانى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «غەيرەتى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

«تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» ئاپتورى: موللانىياز. تەزكىرە تىپىدىكى يىرىك نەزمىي داستان، ھىجرىيە 1211 - يىلى (مىلادىيە 1796 — 1797 - يىللىرى) يېزىلغان.

مەزمۇنى: مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بۇ داستاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىراننىڭ مادايىن دېگەن يېرىدىن كەلگەن ئىمام نەسرىدىن، ئىمام مەئىيددىن، ئىمام زوھۇرىددىن، ئىمام قەۋەمىددىن (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 11 - بوغۇم ئەۋلادى بولمىش ئىمام ئەپتەھنىڭ ئوغۇللىرى) قاتارلىقلارنىڭ باغداد، كاسان، ئۇش قاتارلىق جايلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەردە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرى، بۇ جايلاردا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى، ئۇرۇش داۋامىدا تۆت ئىمامنىڭ ھالاك بولغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر تارىخىي چىنلىقتا ئۇيغۇن ھالدا بەدىئىي يول بىلەن بايان قىلىنغان. ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۇستۇنلۈككە ئىگە. داستاننىڭ ئاخىرىدا شائىر ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە بۇ ئەسەرنى نەدە يېزىپ چىققانلىقى ھەققىدە مەلۇمات

بەرگەن.

«تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى». ئاپتورى: موللا نىياز. خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى نەشرگە تەييارلىغان. مەسئۇل مۇھەررىرى: مەتقاسىم ئەكرەم، مۇھەممەتئىمىن تۇردى. 1988 - يىل 4 - ئاي «خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان، كىچىك 32 كەسلەم، 178 بەت.

«تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» نەسرىي قىسمى (59 بەت)، نەزمىي قىسمى (93 بەت)، ئۈچىنچى قىسمى، «مىزاجنامە» ۋە «كاتىپنىڭ بايانلىرى» دىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تۈزۈلگەن. خوتەن ئەلچى بازىرىدا ياشىغان خەتتات ئىمىن موللا دېگەن كىشى قالدۇرۇپ كەتكەن قولىيازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان بۇ كىتابنىڭ نەسرىي بايانىنىڭ ئاپتورى نامەلۇم. پۈتۈن قىسمىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىقى كىتاب بىلەن ئوخشاش.

«تۈركى مۇقتەسەرۋەقايە» (ئەسلىي ئەسەر «شەرھى مۇقتەسەر ۋەقايە». ئاپتورى: ئۇبەيدۇللا ئىمىن مەسئۇد). تەرجىمە ئاپتورى: موللانىياز. 12×18 كەسلەم، 202 بەت، چاغاتايچە، قولىيازما.

مەزمۇنى: ئىسلام پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر بايان قىلىنغان.

[قوشۇمچە] موللا نىياز بىننى قارىي سابىر ئەسەرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي هاياتى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ موللا نىياز: «ئەرزنامە». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 5 - سانى.

♣ موللا نىياز: «دىۋانى نىيازى». ئەسقەر هۈسەيىن، ۋاهىتجان غوپۇر نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىل ئومۇمىي 10 - سانى.

♣ ئابدۇرېهىم سابىت: «شائىر ۋە تارىخچى موللا نىيازى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - كىتاب، 1 - قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. قەشقەر شەهەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1983 - يىل باسمىسى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



♣ مولـلا نـىيـاز خـوتەنـى: «تـۆت ئـىمام تەزكىرىسى» . مۇھەممەتئىمىن خۇدابەردى نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل ئومۇمىي 11 - سانى.

♣ «شائىر موللا نىياز ۋە ئۇنىڭ ئەرزنامە شېئىرى توغرىسىدا» . «ئاثار چېچەكلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «موللا نىياز خوتەنى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

♣ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «شائىر نىيازى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ موللا نىياز: «شېئىرلار» . قادىر بۇلاق نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 4 - سانى.

♣ «تالانتلىق شائىر، تارىخشۇناس موللا نىياز» . «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1988 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «ئاشىقى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 - يىل باسمىسى.

♣ «موللا نىياز خوتەنى» . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3) ، ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «موللا نىيازى ۋە ئۇنىڭ ھاياتنى پائالىيەتلىرى» . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 - يىل باسمىسى.

♣ «موللا نىياز ئاشىقى» . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «موللا نىياز ئاشىقى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «موللا نىيازى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ شەرىپىدىن ئۆمەر: «شائىر موللا نىيازى (ئاشىقى) نىڭ هاياتى توغرىسىدا». «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ شەرىپىدىن ئۆمەر: «‹دىۋان نىيازى› نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى توغرىسىدا». «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «ئۈچ شېئىر توغرىسىدا ئۈچ ئېغىز سۆز». «ئىجادىيەت ـــ تىل سەنئىتى» (12-، 26 - بەتلەر) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«‹جەڭنامەئى ھەزرەتى ئەلى› نىڭ تەرجىمىسى». تەرجىمە ئاپتورى: موللا ھەيدەر مىسكىن (18 - ئەسىر). تارىخىي داستان، 1500 مىسرادىن ئارتۇق ھەجىمدە. ئەسەر پارسچىدىن نەزمىي ئۇسۇلدا تەرجىمە قىلىنغان.

مەزمۇنى: خەلىپە ھەزرىتى ئەلى دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئىچكى جېدەل - ماجىرالار بايان قىلىنغان.

«‹رەۋزەتۇششۇدا› نىڭ تەرجىمىسى». تەرجىمە ئاپتورى: موللا ھەيدەر مىسكىن. تارىخىي داستان، 6000 مىسراغا يېقىن ھەجىمدە، 14 باب. ئەسەر پارسچىدىن نەزمىي ئۇسۇلدا تەرجىمە قىلىنغان.

مەزمۇنى: مۇھەممەد پەيغەمبەر، ھەزرىتى ئەلى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ تەرجىمىھاللىرى، كەچۈرمىش - سەرگۈزەشتلىرى، جەڭنامىلىرى،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان كەربالا ئۇرۇشى بايان قىلىنغان.

«شېئىرلار». ئاپتورى: موللا ھەيدەر مىسكىن.

مەزمۇنى: ئىشق - مۇھەببەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئەنئەنىۋى مەدەنىي ئويۇن ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. نەمۇنە:

«ئابابادى سەبا، ئەرزىمنى يەتكۈز گۈلئۇزارىمغە،
تەرەھھۇم ئەيلەگەي شايەد مەنىڭ ئەرزۇ نىيازىمغە.
كى ئەي ئىشق ئەھلى مەن ئۆلگۈم، كېلۇر فەرھاد ئىلە مەجنۇن،
ياراتماي قويغاسىز جارۇب ئاتىب مەيلى مەزارىمغە.
فەلەك قەددى بولۇپ نۇنى، كۆيۈب ئانداغ شەفەقگۇلنى،
قىغانىم دەردىدىن ئوت ئالغان ئاھۇ نالە - زارىمغە.
ھەرىرجان فەردەسى ئولغاي، سىياھ كۆزمەردۇمى، نامە،
يازارغە سۇنسە كۆڭلۇم، قول ئول ئايدىن شەرھى زارىمغە.
مۇقەممەر ۋەشغە تالىب بۇ كۆڭۇل، جاندۇر دەرەم نەقدى،
مەلامەت نۇتقىدە ئالغاي ئۆتۈب دەب نەردىبانىمغە.
جەمالىڭ لالەزارى يادىدىن گۇلگۇن سىرىشكىمدۇر،
تۇتۇب تۇفانى قان مەۋجى ئاقىزماقنى جىھازىمغە.
ئۆزۈڭنى سەئۇەئى بىبالۇفەر قىلغايسەن، ئەي مىسكىن،
دېسەڭكىم، سىنەم ئۈستۈن يەر تۇتاي ئول شەھبازىمغە.»

«ئەمىر ئابامۇسلىم». ئاپتورى: موللا ھەيدەر مىسكىن، موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر. تارىخىي داستان، 15 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ھەجىمدە.

مەزمۇنى: داستاندا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مەشھۇر شەخس ئابامۇسلىم ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي، سىياسىي كۈرەشلىرى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

[قوشۇمچە] موللا ھەيدەر (مىسكىن) ئەسەرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىش ئەھۋالىدىن ئۇچۇر:

♣ موللا ھەيدەر: «مىسكىن شېئىرلىرىدىن». قادىر بۇلاق نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 -

سانى.

♣ مىسكىن: «غەزەللەر». ئەخمەت ھېمىت نەشرگە تەييارلىغان «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «مىسكىن». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. 1996 - يىل باسمىسى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «موللا ھەيدەر». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ موللا ھەيدەر: «مىسكىن غەزەللىرى». ئابدۇراخمان مەمەت نەشرگە تەييارلىغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 3 - سانى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «ئىجادىيەت ئاسمىنىدا چاقناپ ئۆتكەن چولپانلار — موللا ھەيدەر ‹مىسكىن›». «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — ئەدەبىيات - سەنئەت» (178 -، 179 - بەتلەر) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن». ئاپتورى: موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا (مۆجىزى). تارىخىي - ئەدەبىي تەزكىرە تىپىدىكى رىسالە. ئەسەر ھىجرىيە 1271 - يىلى (مىلادىيە 1854 — 1855 - يىللىرى) خوتەننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمبېگى ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان. كىتاب نومۇرى: 909.217/149 قوليازما پاتلىق خوتەن قەغىزىگە خەتتى نەستەلىك ئۇسلۇبتا كۆچۈرۈلگەن، جەمئىي 39 بەت. ھەربىر بەتنىڭ ھەجمى 22×15 cm، ھەربىر بەتتىكى تېكىست ھەجمى 19×9cm، ھەر بىر بەتكە 15 قۇردىن خەت يېزىلغان. ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

مەزمۇنى: بىرمۇنچە تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان بۇ ئەسەردە، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىق تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان مۇزىكا ئۇستىلىرى ھەققىدە نۇقتىلىق مەلۇمات بېرىش بىلەن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



بىرگە، يەنە خېلى بىر قىسىم ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كىملەر تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغانلىقى، بەزى مۇقاملارنى كىملەرنىڭ ئىجاد قىلغانلىقى توغرىسىدا، ئەلك ئاساسلىقى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇقام ئۇستازلىرىدىن قىدىرخان يەركەندى (ۋاپاتى 1562 - يىل) ۋە خانىش ئامانىساخان (1523 — 1557) ھەققىدىكى تۈنجى تەپسىلىي مەلۇمات مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغان.

[قوشۇمچە] مۆجىزى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ «‹تــارىخى مــۇســىــقــىيۇن› دىن پارچە». «كۇئېنلۇن ئەدەبىياتى» («يېڭى قاشتېشى») ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 2 - سانى.

♣ «‹تارىخى مۇسىقىيۇن› دىن پارچە». «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانى.

♣ موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن». مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى. نـەشـرگـە تەييارلىغۇچىلار: ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر. كىتاب نومۇرى: 107 (4) MI0049، چوڭ 32 كەسلەم. ئادەتتىكى ۋە قاتتىق مۇقاۋىلىق. بۇ كىتابقا نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ 21 بەتلىك ئــىلمىي ماقالىسى، تېكىستنىڭ ئەسلىي تىل نۇسخىسى، ھازىرقى زامان يەشمە نۇسخىسى ۋە ئاخىرىغا 38 بەتلىك فاكسىمىل نۇسخىسى بېرىلگەن.

♣ ئابدۇرېھىم سابىت: «تارىخچى ۋە ئەدىب موللا ئىسمەتۇللا بــىــنــنى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - كىتاب، 2 - قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1984 - يىلى باستۇرغان.

♣ يــاسىن مۇخپۇل: «موللا ئىسمەتۇللا ۋە ئۇنىڭ ‹تارىخىي مۇسقىيۇن› ناملىق ئەسىرى». «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى سانى.

♣ «موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ ‹تەۋارىخى مۇسىقىيۇن› ناملىق ئەسىرى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

♣ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا (مۆجىزى)». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ مەتكېرەم ئىسمايىل: «موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «مۆجىزى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 - يىل باسمىسى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ موللا ئىسمەتۇللا بىننى نىمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن». ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار ـــ ئەدەبىيات - سەنئەت» (103 - ، 132 - بەتلەر) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«ئەمىر ئىبلى». ئاپتورى: شائىر، تارىخچى ئاشۇراخۇن ئىبنىن ئىسمائىل ئىبنىن مۇھەممەد غېرىب خەستە (1833 — ؟). تارىخىي داستان. ئەسەر مىلادىيە 1860 - يىللىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلىپ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


تاماملانغان.

مەزمۇنى: خوتەن هۆكۈمدارى بولمىش نىياز ھېكىمبەگنىڭ ياقۇپ بەگكە ئەگىشىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنىپ، 1864 — 1867 ـ يىللار ئارىلىقىدا شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن زور ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ھەمزەنامە» ئاپتورى: ئاشۇراخۇن ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد غېرىبى خەستە. مەسنەۋى داستان. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

مەزمۇنى: زور ھەجىملىك بۇ تارىخىي داستاندا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مەشھۇر تارىخىي شەخس ئەمىر ھەمزە ساھىبقىران (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى) نىڭ ھاياتى ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ سەرگۈزەشتىلىك پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، نۇشىرۋان ئادىل، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونسكىي) گە ئوخشاش بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى خۇددى خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىگە ئوخشاش فانتازىيىلىك تۈستە سۈرەتلەنگەن. گەرچە بۇ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يېگانە قوليازما بولسىمۇ، ئەينى زاماندا ياخشى ئاسرالماي، نۇرغۇن ۋاراقلىرى يوقالغاننىڭ ئۈستىگە، بىرمۇنچە ۋاراقلارنىڭ ئەتراپلىرى يىرتىلىپ كەتكەنلىكتىن، پەقەت 25 مىڭ 520 مىسرادىن تەركىب تاپقان 145 ۋارىقىلا ساقلىنىپ قالغان.

[قوشۇمچە] ئاشۇراخۇن غېرىبى ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «ئاشۇراخۇن غېرىبى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «ئاشۇراخۇن غېرىبى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 ـ يىل باسمىسى.

♣ «ئاشۇراخۇن غېرىبى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3)

ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئاشۇراخۇن غېرىبى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

«مەزلۇملار ئاھى». ئاپتورى: دىلبەر دورغا. «شەرھى خىيالى» ناملىق قولىيازمىنىڭ (فورماتى 17cm × 28، 592 بەت) ئاخىرىدىكى تۆت بەتكە كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئاپتورنىڭ قولىيازمىسى دەپ قىياس قىلىنىدۇ.

[قوشۇمچە] دىلبەر دورغا شېئىرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەردىن ئۇچۇر:

♣ ئابدۇرېھىم سابىت: «دىلبەر دورغا». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - كىتاب، 2 - قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1984 - يىلى باستۇرغان.

♣ «دىلبەر دورغا». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ دىلبەر دورغا: «مەزلۇملار ئاھى». غەيرەتجان ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «دىلبەر دورغا». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

♣ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «دىلبەر دورغا ۋە ‹مەزلۇملار ئاھى›»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «دىلبەر دورغا». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


1992 ـ يىلى باسمىسى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «دىلبەر دورغا». «ئۇيغۇر ئەدەبىيا تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجا خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «ئۈچ شېئىر توغرىسىدا ئۈچ ئېغى سۆز». «ئىجادىيەت — تىل سەنئىتى» ناملىق كىتاب كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 12 — 25 ـ بەتلەر.

«تەرجىمە ‹شاھنامە›»، تەرجىمە ئاپتورى: شاھ مۇھەممە ئىبنى خوجا نىزامىددىن قاراقاشى (18 — 19 ـ ئەسىرلەر). تارىخى ئېپوس. ئۇ، پارس ـ تاجىك شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 — 1025) نىڭ 120 مىڭ مىسرالىق بۇ مەشھۇر ئەسىرنى ھىجرىيە 1253 ـ يىلى (مىلادىيە 1837 — 1838 ـ يىللىرى) پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

مەزمۇنى: ئەسەردە قەدىمىي شاھلار ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇخشاشمىغان مۇناسىۋەت ۋە ئۇرۇش ھالەتلىرى ئەقلىگە سىغمايدىغان تەسۋىر ۋە مۇبالىغە ئاساسىدا بايان قىلىنغان. «شەھنامە» نىڭ ئاخىرىدىكى «ھەجۋىيات سۇلتانى مەھمۇد» دىن پارچە:

«ئەگەر ئەرشىئالاغا ئېرىساڭ ئېرىق،
ئۇنىڭغا ھەۋزى كەۋسەردىن قازساڭ ئېرىق؛
ئاسماندىكى ئايدا ئورۇساڭ ئۈنى،
ئالتۇن قازاندا قورۇساڭ ئۈنى،
سەھەر سەلكىندە سورۇساڭ ئۈنى،
ئېرىقتۇر، ئېرىقتۇر، بەربىر ئېرىق.
ئەۋلىيالىق مەقامىغا يەتسىمۇ ئېشەك،
ئېشەكتۇر، ئېشەكتۇر، بەربىر ئېشەك.»

«دىۋان شەۋقى». ئاپتورى: مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى قوليازما، 32 كەسلەم، 192 بەت بولۇپ، قايتا كۆچۈرۈلگەن. دىۋاند غەزەللەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. غەزەللەردىن باشقا مۇسەببە

مۇسەددەس، مۇخەممەس ۋە رۇبائىيلارمۇ بار.

مەزمۇنى: ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم قائىدە - يوسۇنلىرى، تارىخىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئەكس ئەتكەن ھەمدە مۇھەببەتكە بېغىشلانغان شېئىرلار بار بولۇپ، تېمىسى كەڭ. قوليازمىدىكى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا بۇ «دىۋان» پەقەت دىنىي تېمىدىكى ئەسەرلىرىنىلا تاللاپ كۆچۈرگەن نۇسخا بولۇشى مۇمكىن. بۇ قوليازما يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا (ھەبىبۇللا مۇھەممەدىنىڭ قولىدا) ساقلانماقتا.

«دىۋان شەۋقى». ئاپتورى: مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى (ھىجرىيە 1270 —؟ مىلادىيە 1853 — ؟). شېئىرلار توپلىمى. غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەببە، رۇبائىيلاردىن تەركىب تاپقان. فورماتى: 19×21cm، 114 بەت، چاغاتايچە، قولىيازما. بۇ ئاپتورنىڭ قولىيازمىسى بولۇشى مۇمكىن.

مەزمۇنى: كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم قائىدە - يوسۇنلىرىنى شەرھلەشكە، يەنە بىر قىسمى ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە ۋە مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان.

[قوشۇمچە] مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇش ئۇچۇرلىرى:

♣ مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى: «دىۋان شەۋقى». نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا، ھەبىبۇللا مۇھەممەدىن نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل ئومۇمىي 20 - سانى.

♣ شەۋقى: «غەزەللەر». نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا نەشرگە تەييارلىغان «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

«تەزكىرەتۇلرشات». ئاپتورى: مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمكى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كىتاب تۈرى: تارىخ - ئەدەبىيات. ھىجرىيە 1234 - يىلى (مىلادىيە 1814 - يىلى) يېزىلغان بۇ قوليازما توپلامدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن تارالغان خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئۇلارنىڭ كەچمىش — كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردىن ئاپتورنىڭ تارىخچى بولۇپلا قالماستىن، ئۆز دەۋرىنىڭ ئادالەتپەرۋەر شائىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«مەرسىيە غېرىبى». ئاپتورى: غېرىبى (ھىجرىيە 1111 - يىلى، مىلادىيە 1699 — 1700 — ؟). نەزمىي توپلام. كىتاب دىۋان تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما باش - ئاخىرى يوقىلىپ، پەقەت 50 غەزەل، مەسنەۋى شەكلىدىكى بىر داستان، بىر مەرسىيە، بىر مۇخەممەسنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان 21 ۋاراقلا قالغاچقا، شائىرنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى ۋە بۇ دىۋاننى قاچان تەسنىف قىلغانلىقىنى بىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭدىكى مەرسىيىگە ئاساسەن كىمدۇر بىرى تەرىپىدىن بۇ كىتابچىغا «مەرسىيە غېرىبى» دەپ يېزىپ قويۇلغىنى ئۈچۈن، دىۋاننىڭ نامى شۇ بويىچە ئاتالغان.

مەزمۇنى: مەدھىيە، زامان دىشۋارچىلىقلىرىدىن نالىنىش، ھىجران - پىراق قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە خېلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە.

«تارىخىي شاھرۇخى». ئاپتورى: موللانىياز مۇھەممەد ئوشۇر ئوغلى خوتەنى. تارىخ ئىلمى. مۇئەللىپنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. كىتاب 1855 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان.

مەزمۇنى: ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

«سازلار مۇنازىرىسى». ئاپتورى: ئەھمىدى. مۇنازىرە ژانىرىدىكى نەزمىي داستان. ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىسمى، تەرجىمىھالى ۋە بۇ ئەسەرنى قاچان يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

مەزمۇنى: داستاندا ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن تەمبۇر، ئود، چاڭ، قوۋۇز، راۋاب ... قاتارلىقلارنى مۇنازىرىگە سېلىش ۋاسىتىسى

ئـارقــلــىق، ئاپتور ئۆزىنىڭ ھەقىقەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ، ئەينى جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تەبىقىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرى ۋە ئۆزلــىرىگــە خــاس خــۇلــق - مــىجەزلىرىنى مەجازى يول بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇپ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

«مەجمۇئەتۇل مەئارىف». ئاپتورى: موللاھەسەن ئىبنى موللا ئوسمان قاراقاشى. ئاپتور ياشىغان ۋە ئەسەر يېزىلغان يىل - دەۋرى ئېنىق ئەمەس ئىلمىي - نەزەرىيىۋى كىتاب، چاغاتايچە قولىيازما، 74 بەت.

مەزمۇنى: تەلىم - تەربىيىگە ئائىت مەسىلىلەر.

«تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا». ئاپتورى: مۇھەممەد سىدىق خوتەنى. ئــاپتور ياشىغان ۋە ئەسەر يېزىلغان يىل - دەۋرى ئېنىق ئەمەس. فورماتى: 26×40cm، چاغاتايچە قولىيازما، 624 بەت.

مەزمۇنى: ئەسەردە 93 نەپەر ئەۋلىيانىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بايان قىلىنغان.

«داستانى ئىمامىي جەئفەرى سادىق». ئاپتورى: موللا قۇربان. تارىخىي داستان. ئەسەر مىلادىيە 1870 — 1871 - يىللىرى يېزىلغان.

مەزمۇنى: ئىسلامىيەت تارىخىدىكى بەزى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر ئاساس قىلىنىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۆتىنچى قاتلام نەۋرىسى، ئىــســلام تــارىخىدا تۆتىنچى ئىمام دەپ ئاتالغان ئىمامىي جەئفەرى ســادىقنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان مەزكۇر يىرىك داستاندا ئىمامىي جەئفەرى سادىق ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ خوتەن ۋە ئۇچتۇرپان رايونلىرىدىكى پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ خوتەن ۋادىلىرىدىكى قانلىق جەڭلىرى، خوتەن پادىشاھى توققۇز خاقان ۋە ئــۇنــىڭ قــىزى ئــالــپ خاتۇن، توققۇز خاقانىنىڭ پالۋانلىرىدىن سەلسەبىل، قەھرىمانى تۇرك، بەرزۇيى تۇرك، ياغمان تۇرك، ئەسلەم تۇرك، مەئدەن تۇرك، ئەمئەن تۇرك قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. گەرچە خوتەن ۋە ئۇچتۇرپان رايونىدا ئىــسلام تارقىتىش ئۈچۈن بولغان جەڭلەر ئىمامىي جەئفەرى سادىق

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ياشىغان دەۋردىن نەچچە ئەسىر كېيىن يۈز بەرگەن (ئىمامىي جەئفەرى سادىق ھىجرىيە 83 - يىلى ،مىلادىيە 702 - يىلى، دىن ھىجرىيە 148 - يىلى ،مىلادىيە 765 — 766 - يىلى، غىچە مەدىنىدە ياشىغان، خوتەن ۋە ئۇچتۇرپاندىكى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشلىرى مىلادىيە 1018 - يىلىدىن 1040 - يىللارغىچە ئارىلىقتا بولغان) بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور بۇ تارىخىي شەخس بىلەن خوتەن، ئۇچتۇرپان ۋەقەلىرىنى بىر دەۋر، بىر ئورۇن ۋە بىر مۇھىت ئۈستىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن. داستاندا يەنە ئىسلام ئەللىرىدە مۇئاۋىيە بىلەن ھاشىمىلار (ئۇممەييە ئەۋلادلىرى بىلەن ھاشىم ئەۋلادلىرى بولغان ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى) ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى ۋە بۇ جەرياندىكى قانلىق جەڭلەرمۇ قوشۇمچە بايان شەكلىدە بېرىلگەن.

«شىبئىرلار». ئاپتورى: موللا قۇربان. موللا قۇرباننىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن رېئالىستىك تېمىلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ چىرىكلىكى، ئاچ كۆزلۈكى، مۇستەبىت، زالىملىقى قامچىلانغان؛ ئاۋام خەلقنىڭ كۆلپەتلىك تۇرمۇشى، ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرى رېئاللىقتا ئۇيغۇن ھالدا سۈرەتلەنگەن ھەمدە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان. ساتىرىك ھېسسىيات قويۇق.

[قوشۇمچە] موللا قۇربان ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىش ئەھۋالى ھەم ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئۇچۇرلار:

♣ «موللا قۇربان». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ موللا قۇربان: «مەسنەۋى ۋە مۇخەممەسلەر». مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 4 - سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «قۇربان». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 - يىل باسمىسى.

♣ مولـلا قـۇربـان: «مـۇخـەمـمـەسـلـەر». مەھەممەتتۇردى مـىـرزىـئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «موللا قۇربان». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئـەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1996 - يىل باسمىسى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «موللا قۇربان». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تـارىـخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ موللا قۇربان: «ئىمامىي جەئفەرى سادىق». مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 3 - سانى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «ئىجادىيەت ئاسمىنىدا چاقناپ ئۆتكەن چـۈلـپانلار — موللا قۇربان»، «دۇنيادا بـىـرلا خـوتـەن بار — ئـەدەبـىيات - سەنئەت» (187 — 189 - بەتلەر) ناملىق كىتابقا كـىـرگۈزۈلگـەن، شىـنـجاڭ خەلـق نەشرىيـاتى 2003 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«تـۆھـفـەتۇلئۇششاق سانى» ئاپتورى: موللا توختى غېرىبى. شېئىرلار توپلىمى. قوليازما (1-. نۇسخا)، 164 بەت.

مەزمۇنى: ئىشق - سەرگۈزەشت، ھەسرەت - نادامەت، نەسىھەت قاتارلىق ئىچكى - تاشقى دۇنيا پائالىيەتلىرى سۈرەتلەنگەن.

«تـۆھـفـەتـۇلـئۇشـشـاق سـانـى» (ئـاشـىـقلار تۆھپىسىنىڭ ئىككىنچىسى). ئاپتورى: موللا توختى غېرىبى. ژانىرى: شېئىر، قـولـيازما. بۇ كىتابنىڭ باش قىسمى مۇخەممەس (31 كۇپلېت) بـولـۇپ، «ھوروۇفى ھىجا» (ھىجا ھەرپلىك) شەكلىدە يېزىلغان. قالغانلىرى مۇناجاد (مۇستەھزاد، مۇرەببە)، نادامەت ئۆمۈر مازى، سەرگۈزەشت، نەسىھەت، ئىشق مەجاز، مۇخەممەس نەدامەت، ھەسرەت قاتارلىق ماۋزۇلاردا يېزىلغان. شېئىرلارنىڭ تىلى تاۋلانغان، مەزمۇنى تىرەن، تەنقىدىي رېئالىزملىق پۇراق بىرقەدەر قويۇق.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


[قوشۇمچە] توختى غېرىبى (موللا توختى غېرىبى، توختى خاكسار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسەرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىشى ۋە ئىجادىي هاياتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردىن ئۇچۇر:

♣ «تۆھفەتۇلئۇششاق». ئاپتورى: توختى ئاخۇنۇم. مۇھەممەتئىمىن تۇردى نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىل ئومۇمىي 20 ـ سانى.

♣ مەتقاسىم ئەكرەم: «غېرىب شائىر — توختاخۇن غېرىبى». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

♣ «توختاخۇنۇم شېئىرلىرى». تۇرسۇنمۇھەممەت ھۇسەيىن نەشرگە تەييارلىغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

♣ «توختى ئاخۇن غېرىبى شېئىرلىرىدىن». ساھىبجامال نەشرگە تەييارلىغان. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 5 ـ سانى.

♣ «توختى ئاخۇن غېرىبى شېئىرلىرىدىن». مۇھەممەد چاۋار، مۇھەممەد ئېلى نەشرگە تەييارلىغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانى.

«جامىئۇل پەتىۋا» (ئىسلام قانۇن دەستۇرى). ئاپتورى: سوپۇرگى سانجارى (موللا سوپۇرگى بىننى موللا توختى سانجارى (ئالدىنقى كىتابىمىزدا، 6 ـ تومدا، ئەدىبنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى 1849 — 1921 ـ يىلى دېيىلگەن. ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن يېڭى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ 1846 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1918 ـ يىلى ۋاپات بولغان — ت). بۇ پاتلاپ سىلىقلاشتۇرۇلغان خوتەن قەغىزىگە 22.5cm × 35 فورماتتا 550 بەتلىك كىتاب قىلىپ كۆچۈرۈلگەن قولىيازما بولۇپ، ھىجرىيە 1324 ـ يىلى (مىلادىيە 1907 ـ، 1906 ـ يىللىرى) گۇما ناھىيە سانجار كەنتلىك سوپۇرگى سانجارى تەرىپىدىن ئەرەب تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈلگەن (نەسرىي شەكىلدە) ھەم ئۆزى كۆندە مۇقاۋا ئىشلەپ مۇقاۋىلىغان زور

ھەجىملىك ئەسەردۇر.

پۈتۈن كىتاب 42 «كىتاب» (بۆلۈم) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1 - بۆلۈمدىن 4 - بۆلۈمگىچە ۋە ئەڭ ئاخىرقى 42 - بۆلۈمدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم (جەمئىي 180 بەت) تاھارەت، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قىلىش قائىدىلىرى قاتارلىق دىنىي پەرھىزلىرىغا بېغىشلانغان. 5 - بۆلۈمدىن 41 - بۆلۈمگىچە نىكاھ، ھەق - تەلەپ، مىراسخورلۇق، يەر - ئورمان، ئۆي - جاي... غا ئىگىدارچىلىق قىلىش (ئىگىدارلىق ھوقۇقى قانۇنى)، جىنايى ئىشلار (قاتىللىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، زىناخورلۇق، ھاراقكەشلىك، باشقىلارنىڭ جىسمانىي ۋە مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش) نى قانداق بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپلىرى؛ شۇنىڭدەك دەۋا قىلىش، دەۋادا گۇۋاھلىق بېرىش، ئىقرار قىلىش، مۇرەسسە قىلىش، جازالاش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئائىت ئىنتايىن كەڭ بولغان بىر يۈرۈش قائىدە - نىزام ۋە خاس پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «جامىئۇل پەتىۋا» دىن ئىبارەت بۇ دەستۇر مەزمۇن جەھەتتە كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان (سىستېمىلاشتۇرۇلغان) بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ۋە قوللىنىلغان قانۇن دەستۇرلىرى توپلاملاشتۇرۇلۇپ (ئوخشاشلىرىنى بىر سىستېمىغا يۇغۇرۇپ) بىر پۈتۈن دەستۇر شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن.

توپلامدىكى ھەربىر بەلگىلىمە (ياكى بەلگىلىمە ماددىلىرى) نىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر دەستۇر ئەينى زاماندىكى ئىسلام شەرىئىتى (مەھكىمە شەرئى) دە قوللىنىپ كېلىنگەن «بەرجەندى»، «فۇسۇلى»، «ھىدايە»، «خەزىنە»، «كەبىرى»، «قازىخان»، «جەۋاھىرول پەتىۋا»، «مۇختەسەرۋەقايە»، «ھىدايىتۇل مۇفتەئىن» ... قاتارلىق 25 تىن ئارتۇق قوللانمىنىڭ ھەرقايسى قانۇن تۈرلىرىگە ئائىت مەزمۇنلىرىنى تۈر بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئوخشاشلىرىنى يىغىپ، نامۇۋاپىقلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئەڭ ئومۇمىي، ئەڭ ئۇنىۋېرسال دەستۇر شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى بىر تۈردىكى ئوخشاشمىغان

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمكى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



قانۇن - نىزاملارنى سىستېمىلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ دەستۇر ئۆزى سىستېمىلاشتۇرۇپ چىققان ھەرقايسى كىتابلار (دەستۇرلار) نىڭ ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ئەمەلىي ۋە ئەڭ ئومۇمىي دەپ قارىغان ماددا - تارماقلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاشۇ بىر قاتار دەستۇرلاردىكى قايسى مەزمۇن، قايسى بەلگىلىمىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى بارلىقى (مۇۋاپىقلىقى)، قايسىلىرىغا ئەمەل قىلىشقا (قوللىنىشقا) بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا سېلىشتۇرما ئاساستا ئىزاھات بېرىپ ماڭغان.

ئومۇمەن، «جامىئۇل پەتىۋا» ناملىق بۇ دەستۇر خاس بىر خىل قانۇن توغرىسىدىكى كىتاب بولماستىن، ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۇنىۋېرسال قانۇن دەستۇرىدۇر. ئۇنىڭدىن جىنايى ئىشلارغىمۇ، نىكاھ - ئائىلە، مىراسخورلۇق، ھەق - تەلەپ، مۇرەسسە ۋە باشقا دەۋا - دەستۇرلارغىمۇ، سودا - سېتىق، ئىجارە، گۆرۈ، ئامانەت، شېرىكەتچىلىك مەسىلىلىرىگىمۇ، يەر - مۈلۈك، ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەمدە ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاققا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشلارغىمۇ جاۋاب (بەلگىلىمە) تاپقىلى بولىدۇ.

مەزكۇر قوليازما گويا ناھىيىسىدىكى يازغۇچى ئابدۇقادىر سادىرنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«جامىئۇل پەتىۋا» نىڭ قوليازمىسىدىكى ئىزاھات:

(1) «بۇ كىتاب مۇستەتاب دەرۋايات مۇتەفەررىقات ئەلمۇسەممابىجامىئىلغە تاۋايى ئەرەبى بەتەرجىمە زەبان تۈركى، گومە تابىئەسەنجەرىدە موللا سۇپۇركى ئاسنى فۇتۇپ ئەتىمامغە يەتتى، تارىخ ھىجرەتدىن 1324 سىنەدە»

(2) «بۇ كىتاب مۇستەتاب جامىئىلفەتىۋايى مەئىمەسائىل مۇتەفەررىقات بى زەبان تۈركىنى تارىخ ھىجرەتنىڭ 1324 - يىلىدە ساھىب تەھرىر موللا سۇپۇركى سەنجەرى پۈتۈپ، دەرمەۋزۇئقاراتاغىز ھاجى ئىلھەرەمىن، زائىرىلكەئبەتىن ئىسلاھاجى ئەفەندىم ۋەلىد ئەبدۇ رەسئىد ھاجىمغە تەملىك بولغان. 1324» ساباتۇل ئاجىزىن (شېئىر ۋە ئۇنىڭ نەسرىي تەپسىرى). تەرجىمە قىلىپ ئىشلىگۈچى: سۇپۇرگى سانجارى. بۇ 3274 مىسرا شېئىردىن

تەركىب تاپقان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ئۇ مۇتەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر نامايەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادا نامى مەشھۇر بولغان سوپىستىك شائىر سوپى ئاللايارنىڭ تاجىدىن يالچىغۇلى تەرىپىدىن نەسرىي يەشمە قىلىپ ئىشلەنگەن دىنىي پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىقا ئائىت بەدىئىي ئەسەردۇر.

نەسرىي يەشمىدىن كېيىن «رىسالە ئى ئەزىزە» نامى بىلەن ئىشلەنگەن بۇ كىتابنى ھىجرىيە 1333 - يىلى (مىلادىيە 1914 -، 1915 - يىللىرى) شائىر، تەرجىمان سۈپۈرگى سانجارى «تۈركى تەھرىر قىلىپ» تاجىدىن يالچىغۇلنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئۆزى يازغان «زىيائىل قۇلۇپ» ، «رىسالەزىكر جەررىن» قاتارلىق ئىككى كىتاب (ماقالە) نى قوشۇپ «ئاق سۈت قەغىزى» گە 21×34cm فورماتتا 717 بەتلىك كىتاب قىلىپ، ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈپ (ھەربىر بېتى 15 قۇر) ، ئۆزى كۆندە مۇقاۋا ئىشلەپ مۇقاۋىلىغان.

پۈتۈن كىتابنى چوڭ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچى قىسمى نەزم بىلەن ئۇنىڭ نەسرىي يەشمىسى سېلىشتۇرما شەكلىدە ئىشلەنگەن. «رىسالەئى ئەزىزە» («ساباتۇل ئاجىزىن») نىڭ شېئىرلىرى قومۇش خۇشقەلەمدە خۇش خەتلەپ يېزىلغان. ھەر ئىككى بېيىت (4 مىسرا) دىن كېيىن ئۇنىڭ ئاستىغا بېيىتلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن نەسرىي يول بىلەن شەرھلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن ھەم لىرىك مەزمۇن بېيىتلىغان. پۈتۈن شېئىر تېكىستى 3274 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتابنىڭ ھەربىر بېتى نەزم ۋە يەشمىسى بولۇپ، ئوخشاشلار 15 قۇردىن كۆچۈرۈلگەن. خەت شەكلى گۈزەل، چوڭ ھەم كۆركەم، قۇر ئارىلىقى كەڭ.

كىتابنىڭ «ساباتۇل ئاجىزىن» دىن ئىبارەت ئالدىنقى قىسمى يەنە چوڭ 28 باب (بۆلۈم) گە ئايرىلغان بولۇپ، 255 پاراگراف (كىچىك ماۋزۇ) غا بۆلۈنگەن.

«ساباتۇل ئاجىزىن» نىڭ قولىيازمىسىدىكى ئىزاھات:

(1) «بۇ كىتاب مۇستەتاب رىسالەئى ئەزىزە ـــ شەرھى ساباتىلئاجىزىننى سەنجەرى سۈپۈركى ئاخۇند پۈتۈپ تامام قىلغان ۋە يەنە رىسالەئى زىكرى

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


جەھرىنى، رىسالەئى زىيائىلقۇلۇب — بۇ ئىككى كىتاب فارسى ئەردى، تۈركى تەھرىر قىلىپ، مۇشەھرىز ۋە مۇقاۋى ۋە مەجىبدا قىلىپ فارىغ بولغان. 1333 - يىلىدە تارىخدىن 1333 سىنە»

(2) «مەن يەشائىللا سىراتىمموستەقىم. بۇ كىتاب شەرھى ساباتىلئاجىزىن ۋە رىسالەئى زىكىر جەھر ۋە رىسالەئى زىيائىلقۇلۇب بۇ ئۈچ پارچە كىتابنى تارىخ 1333 - يىلىدە سەنجىرى سۈپۈر كىلمۇ سەممابى - غېرىبى پۈتۈپ تامام قىلغان. 1333 سىنە»

(3) مەسنەۋى: ھىلىمنىڭ غايىتى بۇ دوركى ساقا،
بەرسەلار زەھەر، سەن شەكەر بەرگىل،
بولماغىل كەمۇ ۋە رەختتىن ھەرگىز.
ئۇرسەلار تاش ئىلە سەمەر بەرگىل،
قىلسەلەر پارە - پارە باغرىڭنى.
كان يەڭلىغ ئۇلارغا زەر بەرگىل،
راقەم، سۈپۈركى غېرىبىي سەنجەرى.

ھىجرىيە 1333 - يىلى

(4) تارىخقە 1337، ماھى مۇھەررەمنىڭ يىگىرمىسىدە ئۇشبۇ كىتابنى سەنجەرى سۈپۈركى ئاخۇن مەرھۇم ئوغلانلارى ئابدۇللاخاندىن پېقىر ئابدۇللا ئاخۇن سوداگەر ئىلى ئاخۇن ئوغلى توقسان تەڭگىگە ھەدىيە قىلدىم. ئۇشبۇ كىتابنى ھەر كىشى ئوقۇسەلار پېقىر ئاسىي ئابدۇللانىڭ ۋە ھەممە پەرزەند ۋە ھەممە ئام - دوست - يار دۇئادە فەراموش قىلمەسۇنلەر. نىشانە ئابدۇللا (ئىمزا)

«چاھار دەرۋىش». سۈپۈرگى سانجارى تەرجىمىسى. بۇ تۆت دەرۋىش ۋە بىر پادىشاھنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن چاتما ھېكايەتلەر (چۆچەكلەر) بولۇپ، ھەم ئۆزئارا باغلىنىشلىق، ھەم ھەربىر بۆلىكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر سۇژىتتىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك قىسسەدۇر.

ئۇ ھىجرىيىنىڭ 1318 - يىلى تاش مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن ھىجرىيىنىڭ 1327 - يىلى سۈپۈرگى سانجارى تەرپىدىن پارسچە سۆز - ئاتالغۇلىرى تۈركچىلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنىش بىلەن بىللە، سۈپۈرگى سانجارىنىڭ قولى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ

مۇقاۋىلانغان. كىتاب 28cm × 20 فورماتتا، خوتەن قەغىزىنى پاتلاپ (سىلىقلاشتۇرۇپ)، ھەربىر بېتىگە 19 قۇردىن قىلىپ كۆچۈرۈلگەن. كىتابنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى بۇ كىتابنىڭ تەرجىمانى، كۆچۈرگۈچىسى شائىر سۇپۇرگى سانجارىنىڭ كىتاب ئاخىرىغا قوشۇپ قويغان تۆۋەندىكى شېئىرىي ئىزاھاتى بىلەن دەلىللەيمىز:

بۇ كىتاب چاھارتاق لەبزى نىمھان،
بەئزى ئەلفازى فارسى پىنھان.
ئەھلى ئەزۋاقلار ئوقۇپ كۆرسە،
بەئىزى لەبزى مۇغەلەت ئۇزرە.
زوق - شوق كۆڭلىدە قارار ئالماي،
بەئزى لەبزى گۇمان بىلەن بىلمەي.
چەھپا بولغان ئىكەن بۇ رەڭ تىلىدە،
مىڭ ئۇچيۈز ئون سەككىزىنچى يىلىدە.
بۇ كىتاب ساھىبى ئىدى شەھيار،
كەنت كىلىيان ئىچىرە ھاتەمدار.
ئىلتىماس ئەتتى نەقىل قىلماقغە،
سەقلى ئەلفازىنى تۈزەتمەكگە.
نەچچە كۈن مەن سۇپۇركى خەت پۈتدۇم،
لەبزى مۇغەلەتىنى ئىشقال ئەتدىم.
..................
سۆزىنى توختاتتى بىھۇدە گۇنتار،
سەنجىرىدۇر سۇپۇركى غۇربەتدار.

ھىجرىيە 1327 - يىلى

[قوشۇمچە] سۇپۇرگى سانجارى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئۇچۇرى:

♣ ھېكىم مەتسىيت: «موللا سۇپۇرگە سانجارى»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1993 - يىل 8 - ئاپرېل سانى.

♣ سۇپۇرگى سانجارى غېرىبى: «شېئىرلار». مۇھەممەد چاۋار

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1999 - يىللىق 1-، 2- بىرلەشمە سانى.

♣ غېرىبى سۇپۇرگى سانجارى: «مۇخەممەس»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 3 - سان.

«ئىسمائىل هاجى شېئىرلىرى». شائىرنىڭ دىۋان قىلىنغان، چاپى قىلىنغان ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، قولىيازمىلىرى يۇرتىدىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ۋە خەلقنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان. شېئىرلىرى 1000 پارچىغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدىكى شېئىرلىرىنىڭ تاللانما نۇسخىلىرى توپلام قىلىنىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشرگە بېرىلگەن.

«ئىسمائىل هاجى شېئىرلىرى» (ئەرەبچە) نىڭ بۇ نۇسخىسى تەخمىنەن 400 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پارس تىلى بويىچە يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ توپلىمى (قولىيازما) تەخمىنەن 500 بەت بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرمۇ نەشرگە تەييارلانغان.

[قوشۇمچە] ئىسمائىل هاجى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ھەققىدىكى تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ مۇھەممەد چاۋار نەشرگە تەييارلىغان: «ئىسمائىل هاجى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانى.

♣ مۇھەممەد چاۋار نەشرگە تەييارلىغان: «ئىسمائىل هاجى شېئىرلىرى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل ئومۇمىي 19 - سانى.

♣ مەتقاسىم ئەكرەم، تۇرسۇننىياز كېرەم نەشرگە تەييارلىغان: «ئىسمائىل هاجى شېئىرلىرى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 2 - سانى (ئومۇمىي 27 - سان)، 1989 - يىللىق 3 - سانى (ئومۇمىي 28 - سانى).

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «ئىسمائىل هاجى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن،

1992 - يىل باسمىسى.

♣ ھېكىم مۇھەممەتسىيت، ئابلەھەت ئالىم نەشرگە تەييارلىغان: «شائىر ئىسمائىل ھاجىمنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان ئەسىرى — ‹مۇھەببەتنامە›». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 6 - سانى.

♣ ئابلەھەت ئالىم: «ئاتاقلىق شائىر ئىسمائىل ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە». «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى سانى.

♣ نۇرمۇھەممەد زامان: «ئىسمائىل ھاجى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى.

♣ ئابدۇلئەھەت ئالىم نەشرگە تەييارلىغان: «ئىسمائىل ھاجىمنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرىدىن». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 2 - سانى.

♣ ئابلەھەت ئالىم: «ئاتاقلىق شائىر ئىسمائىل ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە». «گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 2 - توپلىمى 1996 - يىللىق باسمىسى.

♣ ئىسمائىل ھاجى: «شېئىرلار». مۇھەممەد چاۋار نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئىسمائىل ھاجى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ ئىسمائىل ھاجى: «شېئىرلار». ئابلەھەت ئالىم، ھېكىم مەتسىيىت نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 4 - سانى.

♣ ئىسمائىل ھاجى: «مەسنەۋىلەر». مەتقاسىم ئەكرەم نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 1 - سانى.

♣ نۇرمۇھەممەد زامان: «شائىر ئىسمائىل ھاجى ۋە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2001 - يىللىق 3 - سانى.

♣ نۇرمۇھەممەد زامان: «ئىسمائىل ھاجىنىڭ ھايات پائالىيىتى». «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان، ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم: «ئىسمائىل ھاجى — ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش مۇساپىسىدىكى بىر قىسىم نامايەندىلەر». «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«كىمىيايى سائادەت» (ئاپتورى: ئىمامىي مۇھەممەد غەززالى) نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى. دىن ۋە پەلسەپىگە ئائىت ئەسەر. تەرجىمە ئاپتورى: مۇھەممەد ئەيسا (1884 — 1957). «كىمىيايى سائادەت» ناملىق كىتاب ئەسلىي پارس تىل - يېزىقىدا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن ھاكىمى ئەزىز شاھبەگنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

مەزمۇنى: ئىسلام پەلسەپىسى بايان قىلىنىدۇ.

«مەناقىبى غەۋسىيە». تەرجىمە ئاپتورى: مۇھەممەد ئەيسا (1884 — 1957). تەرىقەتچىلىك خاھىشىدىكى بىئوگرافىك ئەسەر. قولىيازما، ئۇيغۇرچە.

مەزمۇنى: ئەھمەد ئابادلىق مۇھەممەدسادىق سەئىدى تەرىپىدىن ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا «غەۋسىلئەزەم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان تەرىقەت پىرى ئابدۇقادىر جىلانى (ھىجرىيە 491 — 561 - يىللىرى) غا ئاتاپ پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەردە ئابدۇقادىر جىلانى («كىلانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ تەرجىمىھالى، پائالىيەتلىرى، «كارامەت» لىرى ئەپسانىۋى تۈستە بايان قىلىنغان.

«غېرىب - سەنەم». قەلەمگە ئالغۇچى: مۇھەممەد يۇسۇپ خوتەنى. نەسر، نەزم ئارىلاش داستان. ھىجرىيە 1343 - يىلى (مىلادىيە 1924 — 1925 - يىللىرى) قەلەمگە ئېلىنىپ

خاتىرىلەنگەن.

مەزمۇنى: ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بۇ خەلق ئېپوسىدا غېرىب بىلەن سەنەمدىن ئىبارەت بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ سۆيگۈ ساداقىتى يولىدا ئاجايىپ كەچمىش - سەرگۈزەشت ۋە نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ۋىسال تاپقانلىقىدەك ئەگرى - توقاي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

«شەھىدى شېئىرلىرى». ئاپتورى: مۇھەممەد روزى داموللام شەھىدى. شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىقا ئىگە بولۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان.

«شەۋقى مەستىھا — زەۋقى مەلىھا» (1-، 2-كىتاب). ئاپتورى: مەتروزى ئاخۇنۇم (مۇھەممەد روزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). قولىيازما دىۋان. تىلى: ئۇيغۇرچە، پارسچە. 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئاپتور تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تۈپلەنگەن.

بۇ دىۋاندىكى شېئىرلار شائىرنىڭ ياشلىق مەزگىللىرىدىكى ئىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلىش، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئىنسانىي روھ بىلەن سۇغىرىلغان. ئەپسۇسكى، بۇ دىۋان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلىپىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

«دىۋانى مۇھەممەسە». ئاپتورى: مەتروزى ئاخۇنۇم. قولىيازما دىۋان. تىلى: ئەرەبچە. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا ئاپتور تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ئەرەب ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە دىۋان قىلىنىپ تۈپلەنگەن. بۇ دىۋانغا شائىرنىڭ 80 پارچىدىن ئارتۇق غەزىلى، سەككىز پارچە مۇخەممەس ۋە مۇسەددەسلىرى كىرگۈزۈلگەن. شاھستلارنىڭ دېيىشىچە شائىرنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، دىۋاندىكى قولىيازما ئالاھىدە نەپىس يېزىلغانىكەن.

[قوشۇمچە] مەتروزى ئاخۇنۇم (شەھىدى) ئەسەرلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەردىن ئۇچۇر:

♣ «باياز». ئاپتورى: مەتروزى ئاخۇنۇم ۋە باشقىلار. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئىشخانىسى 1988 - يىلى باستۇرغان توپلام. بۇنىڭدا بىر قانچە كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمىھالى بىلەن بىرگە مەتروزى ئاخۇنۇمنىڭ «شەۋقى مەسئىھا — زەۋقى مەلىھا» دىن تاللانغان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى بار.

♣ «شەھىدى شېئىرلىرى». ئاپتورى: مەتروزى ئاخۇنۇم — ئەرشىدىن راشىدىن، مۇھەممەتتوختى ئابدۇباقى نەشرگە تەييارلىغان «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانى.

♣ «شەھىدى شېئىرلىرىدىن». ئاپتورى: مەتروزى ئاخۇنۇم. مەمتىمىن تۇردى نەشرگە تەييارلىغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانى.

♣ نۇرمۇھەممەد زامان: «مۇھەممەد روزى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «مۇھەممەد روزى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان، ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم: «شائىر مەتروزى (شەھىدى)». «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابقا (347 -، 348 - بەتلەر) كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«موللا تۇردى خوتەنى شېئىرلىرى». ئاپتورى: موللا تۇردى خوتەنى. قولىيازما 18×12cm لىك خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلۈپ تۈپلەنگەن. قولىيازما توپلامدىكى شېئىرلار ھىجرىيىنىڭ 1350 - يىلى يېزىلىشقا باشلاپ 1378 - يىلى تاماملانغان.

بۇ توپلامدىكى 2240 مىسرا (1121 بېيىت) لىق ئەسەر 17 چوڭ ماۋزۇ ئاستىغا جەملىنىپ: «ھازىرقى جاھان ۋاقىئاتلىرى»، «ئىنساپلىق ۋە دىيانەتلىكنىڭ بايانلىرى»، «جامائەتكە قوشۇلماقنىڭ پەزىلەتلىرى» قاتارلىق ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا زىچ يانداشقان تېمىلارنى ئاپتور پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق ئىخچام ۋە چوڭقۇر ئىپادىلىگەن.

«دىۋان قارىي». ئاپتورى: موللا مەھمۇد قارىي بىننى موللا مۇھەممەد شەمشىددىن (تەخمىنەن 1862 — 1910 - يىللار). شېئىرلار توپلىمى. تۆت پارچە ھەمدۇسەنا ۋە نەئىت، 59 مۇخەممەس، 208 پارچە غەزەل بولۇپ جەمئىي 7600 مىسرا شېئىردىن تەشكىل تاپقان بۇ دىۋان موللا مىرمەخدۇم شاھ يۇنۇس ئوغلى دېگەن كىشىنىڭ خىراجىتى بىلەن ھىجرىيە 1330 - يىلى (مىلادىيە 1912 - يىلى) تاشكەنت غۇلام ئەل ھۆسنى مەتبەسىدە چاپى قىلىنغان. «دىۋان قارىي» نىڭ ئەسلىسى قولىيازما بولۇپ، فورماتى 14cm×17، 116 بەت، چاغاتايچە ئىدى. بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، دىۋان قىلىنغان تۇنجى نۇسخا بولۇشى مۇمكىن.

«دىۋان قارىي» نىڭ يەنە بىر چاپى نۇسخىسى شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىخلاسمەنلىرىنىڭ بىرى بولغان شائىر مىسكىن (موللا قوشاق تاشكەندى) تەرىپىدىن 1911 - يىلى تاشكەنت ئاسىيا مەتبەئەخانىسىدا نەشر ئېتىلگەن.

بۇ كىتابنىڭ چاپ نۇسخىلىرى ۋە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ خوتەن رايونىدا ساقلىنىشى، دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ ياش شائىرلارنى يېتەكلەش، ئىلھاملاندۇرۇش كۈچىنىڭ زور بولۇشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دادا - بالا قارىيلارنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا خېلى ئاساسلىق پاكىتلارنىڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن، قۇتقۇزۇش ۋە ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ دىۋان خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بويىچە ئېچكى نومۇر بىلەن سۈپەتلىك قىلىپ بېسىلغان. ھەجمى 500 بەت.

مەزمۇنى: مۇتلەق كۆپ قىسمى ساپ ۋە ئەركىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش، ئادىمىيلىك ئەخلاق، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، خەيرىخاھلىق قاتارلىق دىداكتىك تېمىلاردا يېزىلغان. دىۋاندا يەنە ئەينى زاماندا ئىدېئولوگىيىسىگە كۆرە دىنىي ئەقىدە تەلىماتىغا ئائىت مەزمۇنلارمۇ ئۇچرايدۇ. غەزەللىرىدىن نەمۇنە:

«سەدەب كامىدە پۇتكەندەك گەھىر بارىڭغە سەللەمنا،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



تەكەللۇم باغىدە تۇتى شەكەر خۇارىڭغە سەللەمنا.
ئەلفتەك قامەتىڭنى ھەق بالادىن ئاسراسۇن دائىم،
لەبىڭ لەب لىبتە بولغان تەسلىم ئەسارىڭغە سەللەمنا.
سالىب ئەفغانە بۇلبۇللارنى پىستەلەرنى ئەيلەدى خەندان،
ھايات خىزىرى تابغاي قەترە تامسە لەئل جامىدىن رۇخسارىڭغە سەللەمنا.
كۆزۈڭ ئۇلدۇر سەلەب جان بەخش ئەسرارىڭغە سەللەمنا.
خوتەن گۇلرۇخلەرى ھىندۇ سۇيەت ئالدىڭدە ساقلىسۇن،
بىرىپ جان نەقدىنى ئىشق ئەھلى بازارىڭغە سەللەمنا.
ئەگەرچە ئادەمى ھۆسن ۋە مىلاھەفتە فەرىدىن خۇب،
نەجانسەن نازەنىن باشىدىن - ئەياغ بارىڭغە سەللەمنا.
نىھالىڭ سەرۋەلەرنى سەرەنگۇن ئەيلەب خىجالەتدىن،
قىلىب بابۇسلىكلەر قەدرى رەفتارىڭغە سەللەمنا.
كىتەرسەن بىۋەفا دۇنيادىن ئەمدى نەئىت ئىنشا قىل،
دىگەيلەر ئەھلى ئالەم قارى ئەشئارىڭغە سەللەمنا.»

«كەنزور راغىبىن» (قىزىققۇچىلار خەزىنىسى). ئاپتورى: ئەبەيدۇللا (ئەقسەرى) بىننى مۇھەممەد. ژانىرى: شېئىر. قولىيازما توپلام. 1940 - يىلى تۈزۈلگەن. دىۋان خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

«لەۋھەتۇل ئەسەر». ئاپتورى: سىدىق ئاخۇنۇم. ژانىرى: شېئىر. قولىيازما توپلام. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى چۇچۇك، ئىخچام، ئاممىباب ۋە ئوبرازلىق بولغاچقا، خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ كەتكەن. بىر قىسىم شېئىرلار زالىم ئەمەلدارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، شائىرغا زىيان - زەخمەت يېتىش خەۋپىمۇ تۇغۇلغان.

«كاچكول سەلىمى» تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى يۇسۇپ داموللا. ئەسلىي ئەسەر پارسچە.

«مەتلەئىل ئۇلۇم». تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى يۇسۇپ داموللا. ئەسلىي ئەسەر پارسچە.

«بوستان». ئاپتورى: شەيخ سەئىدى، تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى يۈسۈپ داموللا. ئەسلىي ئەسەر پارسچە، نەسرىي يول بىلەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

【ئىلاۋە】 پارس، ئەرەب ۋە كونىچە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لۇغەت بىلىملىرىنى، ئۆزگىرىش ھالەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان تىل ئۇستىسى ئابدۇۋەلى يۈسۈپنىڭ يۇقىرىقى تەرجىمە كىتابلىرى ۋە بىر قىسىم تەرجىمە ماقالىلىرى خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

«بايازى دىلكەش». ژانىرى: شېئىر. ئاپتورى: «دىلكەش» تەخەللۇسلۇق ئۆزبېك شائىرى. ھىجرىيە 1360 - يىلى خوتەنلىك شائىر ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىمىن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن چاغاتايچە قولىيازما، فورماتى: 8×16cm. ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىمىننىڭ بىر غەزىلى بىلەن قولىيازما كىتابچە ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

«شەرھى ئادا بول مۇتەئەللىم». شەرھ ئاپتورى: مۆمىن ئىبنى سابىت خوتەنى. ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس. فورماتى: 13×23cm. 169 بەت، پارسچە قولىيازما. «ئادا بول مۇتەئەللىم» كىتابى شەرھلىنىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇشقا ئائىت بىلىملەر مەزمۇن قىلىنغان.

«تەزكىرەئى ئارسلانخان». ئاپتورى: شائىر ۋە تارىخچى قاسىمى (18 — 19 - ئەسىرلەر). تارىخىي داستان. 2112 مىسرالىق بۇ داستان مىلادىيە 1799 - يىلى يېزىلغان. ئەسلىي ئىسمى ۋە تەرجىمىھالى ھەققىدە مەلۇمات يوق. پەقەت ئەسەرلىرىدىكى بەزى بېشارەتلەردىن ئۇنىڭ گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق كىلياڭ يېزىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

مەزمۇنى: داستاندا ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەر ئاساس قىلىنىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋرىسى يۈسۈپ قادىر ئارسلانخاننىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ خوتەن رايونىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى يەر مەسىلىسى، دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«شېئىرلار». ئاپتورى: قاسىمى.

مەزمۇنى: سۆيگۈ تەشنالىقى، ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك مەسىلىلىرى ئاساسلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، تىلى راۋان بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتى يۇقىرى.

شېئىرلىرىدىن نەمۇنە:

«ساقىا بىلمەي يولۇقتۇم بىر كۆنى، ئەي بىۋەفا دىلبەر،
كى ئۆتتۈڭ جىلۋە بىرلە خەندە ئەيلەب ئەي فەرى فەيكەر،
قارا كىرفىكلەرىڭ سىنەمگە ئۇردى ئول زەمان نەشتەر،
ئانىڭكىم زەخمىدىن بۇسۇرخ چېھرەم بولدىكىم زەئفەر.»

«مەشۇقىستان». ئاپتورى: سەيد ئەھمەد ئىبنى تايىپ - شېئىرىي دىۋان. ئىسلام ئەقىدىلىرى، مۇھەببەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنىپ يېزىلغان. ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا «مەشۇقىستان» نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر دىۋان بولۇپ، ئابدۇخالىق قازىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. ئەمما، 1987 - يىلى قوشتاغ يېزا پىشناتېرىم كەنتىدىن مۇھەممەد مەتسىيىت كۆچۈرگەن ئىككىنچى قولىيازمىسى بار بولۇپ، تاللاپ 80 پارچە غەزەل كۆچۈرۈلگەن. ھەربىر غەزەل ئوخشاشلا يەتتە بېيىتتىن تەركىب تاپقان، 1120 مىسراغا يېتىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ بىر قىسمى «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 5 - سانىدا تونۇشتۇرۇلغان. ئىككىنچى قولىيازمىسى ھازىر ئابدۇقادىر سادىر كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«سەپەرنامە» (ھەجنامە). كېرىيىنىڭ نىاياتلا كەنتىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما، شائىر توختىشاھ ئاخۇنۇمنىڭ ھەج تاۋاپ سەپىرى جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇشەققەتلىك مۇساپىلىرى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان شېئىرىي ئەسىرى. بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي قولىيازما نۇسخىسى ۋە ئاپتورنىڭ قىزى توختىخان تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن كۆچۈرمە نۇسخىسى بولۇپ، ئىككى نۇسخا ھازىرغىچىلىك ساقلىنىپ قالغان. ئەسلىي قولىيازما نۇسخىسى چاغاتاي يېزىقى بىلەن يېزىلغان،

كۆك رەختتە مۇقاۋىلانغان. 35 گراملىق نىپىز قەغەز ئىككى
قىلىنىپ ئىككى يۈزگە يېزىلغان، ھەر بېتى ئىككى ئىس
ئايرىلغان. فورماتى: 24×21cm. باش قىسىملىرىنىڭ ئىچ
تەرىپىدىكى ئىستونلىرى ئاساسەن تىتىلىپ بۇزۇلۇپ كەتك
كىتابىنىڭ تىتۇل قىسمىغا ئاپتور توختىشاھ ھاجىمنىڭ ئىل
بىرىمغا ئائىت يازما ھۆججەتلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ قولىيازما ئاپتو
قىزى توختىخان تەرىپىدىن ساقلىنىپ «ئاپەتلىك يىللار» ن
بوران - چاپقۇنلىرىدىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈلگەن ۋە يەنە
توختىخان تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە
كۆچۈرۈلۈپ ئەسلىي قولىيازمىدىكى بۇزۇلۇپ كەتكەن قىسىملا
مەزمۇنى ساقلاپ قېلىنغان. ھازىر بۇ ئىككى نۇسخا كىتاب ئاپتور
نەۋرىسى مەتيۇسۇپ ئاخۇن (كېرىيە ناھىيىلىك تەپ
مەھكىمىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى) ئائىلىسىدە ساقل
كەلمەكتە.

ئاپتور توختىشاھ ھاجىم نۇرغۇنلىغان كىتاب - ماتېرىيال
ساقلىغان ۋە مول مەزمۇنلۇق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ھايات بەتل
ئىجاد مېھنەت گۈلدەستىسى بىلەن بېزىگەن ئەھلى ئارىپ ئۆلىما بو
1877 - يىلى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم.

«سەپەرنامە» جەمئىي 176 كۇپلېتتىن تەشكىل تاپقان شېئ
ئەسەر بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇرەببە شەكلىدە يېزىل
ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىكى دىداك
بىلەن تۇسلەنمەستىن، بەلكى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ب
يېزىلغان.

«سەپەرنامە». كېرىيىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى تۇر
قارىي تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەر 912
يىلى يېزىلغان. تارىخچى تۇرغۇن قارىينىڭ قاچان تۇغۇلۇپ ق
ۋاپات ئەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت ئۇن
19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇغۇلۇپ، 20 - ئەسى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمكى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



باشلىرىدا ۋاپات بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. كىتابتا كېرىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك ئەۋزەللىكلىرى، بازار ئالاھىدىلىكى، خائەشياسى، سودا بازارلىرى، كارۋان سارايلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ كىتاب ھازىر مەرھۇم تېۋىپ ئالىم، تىلشۇناس، تارىخشۇناس ئوسمان مۇھەممەتنىياز ھاجى (قودۇق) ئائىلىسىدە ساقلىنىپ، يورۇقلۇققا چىقىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

«ھەجنامە». ئاپتورى: توخسۇن ھاجىم. ژانىرى: داستان. كىتاب تۈرى: قوليازما. 206 بەت، 8 كەسلەم. ھازىر ئوغلى ئابدۇقادىر توخسۇننىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

داستان خوتەن قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان. كىتابنىڭ تاش قىسمى يەرلىك خۇرۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

داستاننىڭ 1 - بېتىدىن 36 - بېتىگىچە نەسرىي يول بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان. 1102 كۇپلېت، 4408 مىسرادىن تەركىب تاپقان. بۇ داستان ئارۇز ۋەزنىدە، مۇرەببە شەكلىدە يېزىلغان.

شائىر ھىجرىيىنىڭ 1346 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 1928 - يىلى) ھەج قىلىپ كەلگەن ۋە شۇ جەرياندا «ھەجنامە» (سەپەر خاتىرىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى يېزىپ چىققان. داستاندا شائىرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى، ھەج سەپىرىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى تېما قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، دىنىي، ئەخلاق، پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۆزىگە خاس بەدىئىي يول بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«سۇلتانى ئارپىن». ئاپتورى: توخسۇن ھاجىم. ژانىرى: داستان. قوليازما، 222 بەت، 16 كەسلەم. نەشر قىلىنمىغان، ھازىر كىچىك ئوغلى ئابدۇقادىر توخسۇننىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

داستان خوتەن قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن ئەرەب يېزىقىد

يېزىلغان. كىتابنىڭ تاش قىسمى يەرلىك خورۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

داستان باشتىن - ئاخىر نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان، كلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھەربىر مەزمۇننىڭ باش قىسمىدا ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇش بىلەن باشلانغان.

ئەخلاق ھەققىدىكى بۇ دىداكتىك ئەسەردە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ۋەقەلىكلەر پەلسەپىۋى كۆزقاراشلار بويىچە تەسۋىرلەنگەن.

مەسنەۋى شېئىر شەكلىدە، بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان داستاننىڭ ھەربىر پارچىسىدا ئايرىم - ئايرىم ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، داستاننىڭ ئاخىرىدا ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

«تەئىرىفاتىل ھەرەمەيىن» (ھەرەمنىڭ تەرىپى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئەيسا ھاجى كامالى. ژانىرى: داستان. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە قولىيازما سۈپىتىدە شائىرنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، 1934 - يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان. 150 بەت، 32 كەسلەم.

ئاپتور مۇھەممەد ئەيسا ھاجىم 1884 - يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ نۇرى يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ 1932 - يىلى ھەجگە بېرىپ، 1933 - يىلى قايتىپ كەلگەن ۋە شۇ يىلى ئۆزىنىڭ ھەرەمگە بېرىش ۋە قايتىپ كېلىش جەريانىدا يولدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن بۇ داستاننى يېزىپ چىققان. داستان خوتەن قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، تۇپلەنگەندىن كېيىن خورۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان. بىراق قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇش جەريانىدا قىسمەن بەتلىرى پەرسۇدە بولۇپ كەتكەن.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ داستاندا ئاپتور شۇ ۋاقىتتىكى شەرق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئالدى بىلەن پەيغەمبەر، چارىياھلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاندىن سەپەر جەريانىدىكى ئۆزى كۆرگەن ۋە روھىغا تەسىر قىلغان مۇھىم ۋەقەلەرنى، ئۆزى قەدەم باسقان يۇرتلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى، جۇغراپىيىلىك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



شارائىتىنى، شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ھەر بىلەن باشقا يۇرتلارنىڭ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى سىلىشتۇرۇپ ھەرەمدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس جايغا بولغان ئۆزىنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

«دىۋان يولدىشا، موللىشا، توختىشا». يۇقىرىقى ئۈچ بە تۇغقان شائىرلارنىڭ 1932 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە يېزىلغار شېئىر، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇستەھزاد، غەزەل رۇبائىيلىرىدىن تۈزۈلگەن چاغاتايچە قوليازما دىۋان. فورمات 19×31 cm، 312 بەت.

«دىۋانى زوھورى». بۇ كېرىيىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شائ مۇھەممەتقاسىم زوھورىنىڭ ئىككى دەپتەرلىك شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمى نامى. «دىۋانى زوھورى» ناملىق بۇ ئىككى دەپتەرلىك ئەسەر شائىرنىڭ ئۆز ھاياتىدا يازغان ۋە ئۆزى تەرىپىدىن تەستىقلىنى يارامىلىق دەپ قارالغان شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شائ بۇ قوليازمىنى خۇددى ئۆز كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ يامار كۆز، يامان قوللارنىڭ مۇداخىلىسىدىن ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ كېيىنكى كۆنلەردىكى سورۇقچىلىق ۋە ئۇچۇقدىلىش ئاپەتلىرىدە ئۆز قولدىن بېرىپ قويغان. ھازىر بۇ ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنىڭ كۆيدۇرۇلۇپ كۆل قىلىنغانلىقى ۋە ياكى قايسىدۇر بىر تىلسى بۇلۇڭلاردا يىنھان ياتقانلىقى مەلۇم ئەمەس.

«خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق يىغانى». ئاپتورى مۇھەممەد تۇردى قاسىم قارىي ھەزىنى. شېئىرىي ئەسەر، 84 مىسرا ئەسەر 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى «قەشقە شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان.

شېئىردا 1934 - يىل 7 - ئايدىن 1937 - يىل 10 - ئايغىچ ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ خوتەن خەلقىگە سالغان ئازاب - ئوقۇبەت زۇلۇم - كۈلپەت، ئالۋان - ياساقلىرى، كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىر ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىنىپ، خەلقنىڭ قايغۇ ھەسرىتى، مۇڭ - زارى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«دىۋان داۋۇد». ئاپتورى: داۋۇد. 1937 - يىلى شائىرنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن تۈپلەنگەن قولىيازما دىۋان. جەمئىي 78 بەت. 90 پارچە غەزەل، مۇخەممەس، مۇستەھزادلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

داۋۇد ئىسمىلىك بۇ شائىر 1890 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئالاسايغان يېزىسىدا ساۋۇت ئاخۇن خەلىپىتىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان ۋە شۇ مەزگىلدىلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان. دادىسىدىن كېيىن نەمەنگانلىق قەمەرىددىنخان دېگەن كىشىنىڭ تەربىيىسىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ئۇزۇن مۇددەت تەسەۋۋۇپ پائالىيەتلىرىدە بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ خېلى بىر قىسىم ھاياتى گۇما ۋە قاراقاش ناھىيىلىرىدە تەسەۋۋۇپ تەرغىباتچىلىقى بىلەن ئۆتكەن. مەزكۇر دىۋان ئۇنىڭ قاراقاشتىكى ھاياتىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، قاراقاشتىكى بۇرادىرى مەخسۇت ئاخۇنۇمنىڭ قولىغا قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي خاھىشى گەرچە تەسەۋۋۇپ غايىسىدە بولسىمۇ، لېكىن شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى چاققان ۋە نەپىسلىكى بىلەن ئالمىۋىلىقا ئىگىدۇر.

«دىۋان يېتىمى». ئاپتورى: قادىرخان (يېتىمى). ژانىرى: شېئىر. بۇ قولىيازما شېئىر توپلىمىنى 1948 - يىلى ئاپتور 30 يېشىدا ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان. دىۋاندا غەزەل، مۇخەممەس، مۇرەببە شەكلىدە 1500 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرى بار. شائىر بۇ دىۋاننى ئۇستازى ئوبۇلقاسىم ھەزرەتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلى ھامۇتخانغا تەقدىم قىلغان. ھازىر بۇ كىتاب شائىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، شائىر ئابدۇلئەھەد قادىرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

«تەسپايى شېئىرلىرى». ئاپتورى: موللادىمىن. قولىيازما توپلام.

تەسپايى — شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىسمى بولۇپ، 1862 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ چاھارباغ يېزىسى بامىيا كەنتىدە تۇغۇلغان. دادىسى پولات ھاجى ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق بايلىرىدىن بولۇپ، بالىسىنىڭ 15 ياشقىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى تەربىيىسىگە ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان. 1870 - يىلدىن 1899 - يىلغىچە ئۆز يۇرتىدا، خوتەندە ھەرقايسى مەدرىسلەردە ئوقۇپ يېتەرلىك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى


ئاساس تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۆزىدىكى ئىجتىمائىي قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسى
1899 ـ يىلىدىن باشلاپ 1924 ـ يىلغىچە جاھان كەزگەن. 1924 ـ يىل
يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، شەرىئەت ئىشلىرىنى بىجىرىشكە قاتناشقان. 1944 ـ يىل
82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىرنىڭ ھايات ئوغۇللىرى — ياسىن قارىي ئاخۇنۇم بىلەن
مەتتۇردى ئاخۇنلار دادىسىنىڭ ئۆزلىرىگە ئامانەت قىلغان پۈتۈن
ئەسەرلىرىنىڭ توپلىمىدىكى ئۇچۇرلار بويىچە، دادىسىنى 1885
يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان، قولىدىكى توپلىمىنى
1940 ـ يىلدا ئۆزى ئىشلەپ تاماملىغان دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن.
ئەسەر ئاشۇلارنىڭ قولىدا 1960 ـ يىللارغىچە ئېتىبار بىلەن
ساقلانغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بورنىغا كەلگەندە
«ئىنقىلاب» نىڭ قەبىھلىرى ئۇنى ئاشۇ ئوغۇللارنىڭ ئۆز قولى
ئارقىلىق كۆيدۈرگۈزۈۋەتكەن.

«مەلىكە نۇرجامال». مەرھۇم ئەيسا ياسىن ئەپەندىنىڭ چۆچەك
ۋە رىۋايەت تۇسى بويىچە نەسرىي ۋە نەزمىي ژانىر بويىچە يېزىپ چىققان
قولىيازما ئەسىرى. تەخمىنەن 100 بەت. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى
ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەسرىي نۇسخىسى كىتابچە قىلىپ
تارقىتىلغان.

«باياز». خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى
ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، پىلانلاش، نەشر قىلىش رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى بويىچە رەتلەنگەن.
بۈگۈنكى كۈنگە نىسبەتەن بىرقەدەر ناتونۇش بولغان توققۇز نەپە
شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرىگە بېغىشلانغان ۋە نەمۇنىلىرى
بېرىلگەن مەخسۇس كىتاب.

«ئابدۇراھمانخان». خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلە
ئىشخانىسىنىڭ ئىرىشكەن ئۇرىگىناللىرى بويىچە رەتلەنگەن. ئېغىز
ئەدەبىياتى ئىمىسىدىكى يەتتە پارچە خەلق داستانىنى ئەينەن يېزىۋې
ئالغان مەخسۇس كىتاب.

«تۆھپەتۇل ئابىدىن». تولۇق ئىسمى: «تۆھپەتۇل ئابىدىن ۋ

ئۇنسىل ئاشىقىن» (ئابىدلارنىڭ تۆھپىسى ئاشىقلارنىڭ ئۆلپىتى) دېيىلىدۇ. 1908 - يىلى ئابىد تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ چاپ قىلىنغان. خوتەن رايونىدا بىر قىسىم نۇسخىلىرى، ھەتتا كۆچۈرۈلمىلىرى ساقلانغان. بۇ كىتاب نەمەنگانلىق شائىر موللا مۇھەممەد ئابىد تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان كىتاب بولۇپ ئۇنىڭدا، ئابىدنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقا: مۇخلىس، نادىرى، مەبدەئى، تەمكىن، جامى، ئەمىرى، ئۇمىدى، ساقىب، كەمى، كوھى، شەۋقى، خادەمى، مەھزۇن، رەمزى ساھىب، سادىق، ئارەزى، مەجزۇب، سالىھ، خىلۋەتى، زەلۇلى (يەكەنلىك زەلىلى ئەمەس)، نادىرە، فۇرقەت، كاتىبى، فەزلى، ھەزنى، مۇقىمى، نىسبەتى، شەھىدى، نادەمى، غازى، ئادا، مىسرى قاتارلىق نامدار شائىرلارنىڭ ئېتىبارغا ئېرىشكەن نادىر شېئىرلىرى توپلانغان.

ئابىد ئۆز دەۋرىنىڭ ئىززىتىگە مۇيەسسەر بولغان شائىر، كىتابدار، نەشر ئەتكۈچى، پۇل - ماللىرىنى پۇتۇنلەي دېگۈدەك ئىلىم توپلاش ۋە تارقىتىشقا بېغىشلىغان خالىس كىشى بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابنى ئۆزى تەسنىف قىلىپ يازغان. ئۆزى رەتلەپ كۆچۈرۈپ، ئۆز خىراجىتىگە نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقان. مەزكۇر كىتابتىكى شېئىرلار شېئىرىيەتتىكى ئارۇز قائىدىلىرىنى ئىگىلەش ۋە تەتبىقلاشتا ياخشى دەرسلىك بولۇپ، كىشىلەرگە سىرلىق تەشبىھ ۋە مەجازلار ئارقىلىق پاساھەت بېغىشلايدۇ. نازۇك ھېس - تۇيغۇلار ئارقىلىق مۇڭلۇق سېزىم ئاتا قىلىدۇ. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ پىلانى بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە نەشر قىلىنغان. جەمئىي 336 بەت.

«تەجەللى مۇجەللى». ئاپتورى: ئابدۇلھېكىم مەخسۇمھاجى. بىئوگرافىك ئەسەر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 - يىل 6 - ئاي نەشرى. 15000 تىراژدا تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 77 بەت.

بۇ كىتابتا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھاياتى، پائالىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم شېئىرىي مەكتۇپلىرى تونۇشتۇرۇلغان

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



بولۇپ، ئۇنىڭدا سەممىيلىك، راستچىللىق، چىن دوستلۇق، ھەققانىيەت، ساپ ۋىجدان، ئىلىم ئۆگىنىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئاچ كۆزلۈك، مەككارلىق، قارانىيەت، سۇيىقەست، نادانلىق قاتارلىق ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنىدۇ. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى شائىر ھۆسەيىنخاز تەجەللىنىڭ ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، ئابدۇكېرەم زىيائى قاتارلىق بىرقانچە زامانداش دوستلىرى - پىكىرداشلىرى بىلەن ئۆزئارا يېزىشقان شېئىري سالامنامىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شائىرنىڭ بىر قىسىم ھەجۋىي خاراكتېردىكى ئەسەرلىرى قوشۇمچە قىلىنغان.

